چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# هاملېت

شېكىسپىر [ئەنگلىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: نۇرغۇنجان سۇلتان

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۇلەۇ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: غەيرەت ئابىت

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئۆبۇلقاسىم



ISBN 978-7-80658-912-0

9 787806 589120 >

باھاسى: 7.50 يۈەن

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# هاملېت

## شېكىسپېر [ئەنگلىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلە راخمان



图书在版编目（C I P）数据

哈姆雷特／（英）莎士比亚(Shakespeare,W.)著;李南改编；卡米拉·热合曼译.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2009.6

ISBN 978-7-80658-912-0

Ⅰ.哈… Ⅱ.①莎…②李…③卡… Ⅲ.悲剧－剧本－英国－中世纪－缩写本－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I561.33

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第037217号

بۇ كىتاب جوڭگو بالىلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000-يىل 12-ئاي 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

**ھاملېت**

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك

شىركىتىدە بەت ياسالدى

شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

2006-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 2009-يىل 8-ئاي 2-بېسىلىشى

فورماتى: 787×970 mm 1/32 : باسما تاۋىقى: 5.5

ISBN 978-7-80658-912-0

---

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

责任编辑：吐尔洪江 · 苏里坦
美术编辑：阿扎提 · 巴拉提
叶尔江 · 铁流
责任校对：海来提 · 阿比提
艾比布拉 · 艾力
审　　定：亚森 · 吾不力哈斯木

世界经典文学作品赏析
哈姆雷特（维文）
卡米拉 · 热尔曼 译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漢尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新博文印刷有限公司印刷
2006 年 5 月第 1 版　2009 年 8 月第 2 次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：5.5
ISBN 978-7-80658-912-0

定价：7.50 元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991－4521461

# مۇندەرىجە

1. ئېلىسنۇر، قەلئەسىپىلىنىڭ راۋىقى ئۈستىدە ....... 1
2. قەلئەنىڭ قوبۇلخانا زالى ................................. 9
3. پولونىيۇسنىڭ ئائىلىسى ................................. 19
4. قەلئە سىپىلى ئۈستىدىكى مەيدان ................... 25
5. پولونىيۇسنىڭ ئۆيى ......................................... 34
6. قەلئەدىكى بىر ئۆي ......................................... 36
7. قەلئەدىكى بىر ئۆي ......................................... 50
8. قەلئەدىكى زال ................................................. 58
9. ئوردا ئىچىدىكى بىر ئۆي ................................. 70
10. خانىشنىڭ قەسرى ............................................ 73
11. قەلئەدىكى بىر ئۆي ......................................... 80
12. ئېلىسنۇر ئوردىسىدىكى بىر ئۆي .................... 82
13. قەلئەدىكى باشقا بىرئۆي ................................. 91
14. قەلئەدىكى باشقا بىرئۆي ................................. 95
15. قەبرىستان ........................................................ 106
16. قەلئەدىكى زال ..................................................120
17. قەلئەدىكى زال ................................................. 130
ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل .......................... 142

# «هاملېت» (پارچە)

## 1. ئېلىسنوٗر. قەلئە سېپىلىنىڭ راۋىقىدا

(لەشكەر فرانسىسكو سېپىل راۋىقىدا قاراۋۇللۇقتا. قارشى تەرەپتىن برناردو كىرىپ كېلىدۇ.)

**فرانسىسكو:** توختا، سەن كىم؟

**برناردو:** ياشىسۇن پادىشاھ!

**فرانسىسكو:** برناردوما؟ ۋاقتىدا كەلگىنىڭگە رەھمەت. ھاۋا ئاجايىپ سوغۇق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ جۇمۇ!

**برناردو:** ھازىر سائەت ئون ئىككىگە داڭ ئۇرۇلدى. قانداق، ھېچ ئىش يوقتۇ؟

**فرانسىسكو:** ئەقەللىيسى بىرەر چاشقاننىمۇ كۆرمۇدۇم دېگىنە.

(گوراتسىئو بىلەن ماسلىئۇس كىرىپ كېلىدۇ)

**برناردو:** خۇش كېلىپسىلەر، گوراتسىئو، ماسلىئۇس!

**ماسلىئۇس:** قانداق، بۇگۈن كەچتە ھېلىقى نەرسە يەنە كۆرۈندىمۇ؟

**برناردو:** ھازىرچە تېخى ھېچنېمە كۆرمۇدۇم.

**ماسلىئۇس:** گوراتسىئو «ئۇ سىلەرنىڭ خىيالىي

تۇيغۇڭلارمىكىن» دەيدۇ؛ بىزغۇ ئۇ ئەرۋاھىنى ئىككى قېتىم كۆردۇق، ناۋادا ئۇ بۈگۈن يەنە كۆرۈنۈپ قالسا بىزنىڭ دېگىنىمىز راست بولاتتى.

**گوراتسىئو:** ئۇنداق بولۇشى ناتايىن.

**برناردو:** گېپىمىزگىمۇ ئىشەنمەيۋاتىسەن، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككى كېچە ئۇدا كۆرگەنلىرىمىزنى ساڭا يەنە بىر قۇر سۆزلەپ بېرەي. تۈنۈگۈن ئاخشام شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئاۋۇ يۇلتۇز يۆتكىلىپ هازىرقى ئورنىغا كەلگەندە، سائەت دەل بىرگە داڭ ئۇرغاندى، شۇ چاغدا، ماسلىئۇس بىلەن مەن....

**ماسلىئۇس:** بولدى قىل، قارا، ئۇ يەنە كەلدى!

(ئەرۋاھ چىقىدۇ)


**برناردو:** مەرھۇم پادىشاھقا ئەجەبمۇ ئوخشايدىكەنغۇ.

**ماسلىئۇس:** گوراتسىئو، سەن خېلى بىلىملىك ئادەم، بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقمامسەن!

**گوراتسىئو:** مېنى ئەجەب سۈر بېسىپ كېتىۋاتىدىغۇ!

**برناردو:** ئۇ بىزدىن گەپ تەمە قىلىۋاتقاندەك قىلىدىغۇ!

**گوراتسىئو:** سەن كىمنىڭ ئەرۋاھى؟ بۇ يېرىم كېچىدە ھەيۋەتلىك مەرھۇم دانىيە پادىشاھىنىڭ لەشكىرىي يۈرۈش قىلغاندىكى قىياپىتىگە كىرىۋېلىشقا قانداق پېتىنىدىڭ؟



**برناردو:** قارا، ئۇ كەتتى.

**ماسلىئۇس:** ئۇنىڭ بىزگە گەپ قىلغۇسى كەل-مىدى. (ئەرۋاھ كىرىپ كېتىدۇ)

**برناردو:** گوراتسىئو، تىترەپ كېتىۋاتىسەنغۇ؟ بۇ-غۇ بىزنىڭ خىيالىي تۇيغۇمىز ئەمەستۇ؟ ئەمدى نېمە دەيسەن؟

**گوراتسىئو:** ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام، ھەرگىز ئىشەنمىگەن بولاتتىم. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلار مەرھۇم پادىشاھىمىز ھېلىقى قارا نىيەت نورۋېگىيە پادىشاھىغا جازا يۈرۈشى قىلغان چاغدا كىيگىنىنىڭ نەق ئۆزى. ئۇنىڭ ئەپتىنى دېمەمسەن، ئا-شۇ يىلى مەرھۇم پادىشاھىمىزنىڭ چانىلارغا چىقىۋالغان پولەكلەرنى مۇز ئۈستىدە تىرىپىرەن قىلىۋەتكەن چاغ-دىكى ئەپتى بىلەن ئوپمۇئوخشاش.

**ماسلىئۇس:** ئالدىنقى ئىككى قېتىمدىمۇ دەل مۇ-شۇنداق جىمجىت كېچىدە ئۇ ئاشۇنداق سەردارلارچە قەدەم بىلەن ئالدىمىزدىن مېڭىپ ئۆتكەنىدى.

**گوراتسىئو:** مېنىڭچە، ئەرۋاھنىڭ پەيدا بولۇشى دۆلىتىمىزدە زور بىر ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىدىن بې-شارەت بەرسە كېرەك.

**ماسلىئۇس:** ئۇنداقتا، بىز زادى نېمىشقا ھەر كۈنى شۇنچە قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈپ كېتىمىز؟ نې-مىشقا ھەر كۈنى توختىماي توپ ـ زەمبىرەكلەرنى يا-

سايمىز. يەنە ئۇ تېخى يەتمىگەندەك، چەت ئەللەردىنمۇ قورال ـ ياراغ سېتىۋالىمىز؟ بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ قاي-سىڭلار دەپ بېرەلەيسىلەر؟

**گوراتسىئو**: مەن دەپ بېرەلەيمەن، مەرھۇم پادىشا-ھىمىز هاملېت نورۋېگىيە شاھى فورتىنبراسنىڭ جەڭ ئېلانىنى تاپشۇرۇۋالغان. ئىككى تەرەپ كېلىشىم بويىچە، كىم ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولسا، زېمىنىنىڭ بىر قىسمىنى قارشى تەرەپكە بۆلۈپ بەرمەكچى بولغان. بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا، بىزنىڭ مەرھۇم باتۇر پادىشاھىمىز هاملېت فورتىنبراسنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. نەتىجىدە نورۋېگىيە مەغ-لۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم زېمىنى بىزگە ئۆت-كەن. بىراق هازىر نورۋېگىيە پادىشاھىنىڭ ئوغلى كى-چىك فورتىنبراس دادىسى قولدىن بېرىپ قويغان زې-مىنىنى قورال كۈچى بىلەن تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ھەر كۈنى قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان-لىقىمىز ۋە قورال ـ ياراغ ياساۋاتقانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى. قارا، ئۇ يەنە كەلدى! (ئەرۋاھ يەنە چىقىدۇ) ئۇنىڭ بىلەن مەن سۆزلىشىپ باقاي. ھەي ئەرۋاھ، كەتمە! ئەگەر سې-نىڭ ماڭا بىرەر هاجىتىڭ چۈشۈپ، شۇ هاجىتىڭ راۋا بولغاندا ئارام تاپالايدىغان بولساڭ، قېنى ماڭا دېگىن. ناۋادا سەن كەلگۈسىدە ئېلىمىزنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان ئاپەتلەرنى ئالدىن بىلەلىسەڭ، بىزگە دەپ بېرەرسەن، ئاڭلىشىمچە، ئەرۋاھلار ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى

يوشۇرغان جايلىرىدىن ئەگىپ كېتەلمەسمىش، (خوراز چىللايدۇ) ئەگەر راستتىنلا شۇنداق يېرى بولسا، ئۇنىمۇ ماڭا دەپ بەرگىن. قېنى ئېيتە! نېمە ئۈچۈن گۆرۈڭدە تىنچ ياتالمىدىڭ؟ ئۇنى توسۇۋال، ماسلىئۇس.

**ماسلىئۇس:** ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇپ باقايمۇ؟

**گوراتسىئو:** ئەگەر ئۇ توختىمىسا، شۇنداق قىلىساڭمۇ بولىدۇ!

**برناردو:** ئۇ مانا بۇ يەردە!

(ئەرۋاھ چىقىپ كېتىدۇ)

**ماسلىئۇس:** بۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەرۋاھقا قورال ئىشلەتمىگىنىمىز توزۇك. ئۇنىڭغا ھېچنېمە ئۆتمەيدۇ.

**برناردو:** ئۇ ئەمدىلا سۆزلەي دەپ تۇرۇۋىدى، خوراز چىللاپ قالدى.

**گوراتسىئو:** ئۇ خۇددى قورقۇنچلۇق بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالغاندەك قېچىپ كەتتى. كىشىلەردىن ئاڭلىشىمچە، ھەر كۈنى خورازنىڭ قاتتىق چىللىشى بىلەن قۇياش ئىلاھى ئۇيقۇدىن ئويغىنىدىكەن، شۇڭا كېچىلىرى ھاۋادا، دېڭىزدا، يەر يۈزىدە، ھەتتا ھەممىلا يەردە تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەن ئەرۋاھلارنىڭ ھەممىسى خورازنىڭ چىللىشىنى ئاڭلىغان ھامان، ئۆز گۆرلىرىگە كىرىپ كېتىدىكەن. مېنىڭچە، بۈگۈن كېچىدە كۆرگەنلىرىمىزنى شاھزادىمىز ھاملېتقا ئېيتىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئاغىنىدارچىلىقىمىز ۋە مەسئۇلىيىتىمىز نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئۇنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىشىمىز كېرەك. بۇ ئەرۋاھ بىزگە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ھاملېتنى كۆرسە، چوقۇم دەيدىغان بىرەر گېپى بارلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

**ماسلىئۇس:** توغرا، بۈگۈن ئەتىگەن ئۇنىڭ نەدە بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن.

(ھەممىسى كىرىپ كېتىدۇ)

## 2. قەلئەنىڭ قوبۇلخانا زالى

(پادىشاھ، خانىش، ھاملېت، پولونىيۇس، لائېرتېس، فودماند، كانلىئۇس، ئوردا ئەركانلىرى، ياساۋۇل، مۇلا-زىملار)

**پادىشاھ:** شاھ ئاكام ھاملېت يېقىندا قازا قىلدى، گەرچە ھەممىمىزنىڭ ئۇنىڭغا ماتەم تۇتۇشىمىز تې-گىشلىك بولسىمۇ، لېكىن بىر تەرەپتىن لايىقىدا ماتەم تۇتقاچ ئۇنى ياد ئېتىشىمىزگە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزد-مىزنىڭ پايدا - زىيىنى ئۈچۈن ئويلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. يېقىندىن بېرى، مەن شادلىقىم بىلەن قايغۇ - ھەسرىتىم گىرەلىشىپ كەتكەن ھالەتتە تۇرۇۋاتىمەن، بەخت بىلەن قايغۇ - ھەسرەت يۈرىكىمنى تەڭلا چىرمى-ۋالدى.

مەن شادىيانە توي نەغمىسى بىلەن ھەسرەتلىك ما-تەم مۇزىكىسىنى تەڭلا ياڭرىتىپ، تەنتەنىلىك توي نا-ۋاسى بىلەن يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ھەس-رەت - نادامەت ئوتلىرىنى ئۆچۈرمەكچىمەن. مانا ھازىر مەن بۇرۇنقى كۆنلەردىكى يەڭگەم بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇپ قالدىم. مەن ھەرقايسى ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ تويى-مىزنى تەبرىكلىگىنىدىن ئالاھىدە مىننەتدارمەن. ئۇنىڭدىن

باشقا، كۆپچىلىككە يەنە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، يېقىندىن بېرى نورۋېگىيە پادىشاھىنىڭ جىيەنى كىچىك فورتىنبراس دادىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بىزگە بۆلۈپ بەرگەن زېمىنىنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا نۇرغۇن خەت ئەۋەتتى. كىچىك فورتىنبراس نورۋېگىيىدە ئۆز ئالدىغا لەشكەر يىغىپ ۋە تەربىيىلەپ، ھەر خىل جەڭ تەييارلىقلىرىنى ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ. بۇگۈن ھەرقايسىڭلارنى بۇ يەرگە يىغىشتىكى مەقسەت — بىزنىڭ بۇ ئىشلارغا بولغان پوزىتسىيىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇش. مەن ياش فورتىنبراسنىڭ تاغىسىغا، يەنى ھازىرقى نورۋېگىيە پادىشاھىغا جىيەنىنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى تېزدىن چەكلەش توغرىسىدا بىر مەكتۇپ يېزىپ قويدۇم. مەن ھازىر كانلىئۇس بىلەن فودماندتىن ئىبارەت ئىككى ۋەزىرنى دەرھال بۇ مەكتۇپنى نورۋېگىيە پادىشاھىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئەۋەتمەكچىمەن.

**كانلىئۇس بىلەن فودماند:** ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى دەرھال بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمىز. (ئىككىسى چىقىپ كېتىدۇ)

**پادىشاھ:** لائوتۇس، سېنىڭ قانداق تەلىپىڭ بار؟ دانىيە خان جەمەتى بىلەن ئاتاڭنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى بىلىق بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتىدەك يېقىن. دانىيە خان جەمەتى ئاتاڭغا خىزمەت كۆرسىتىشكە خۇددى ئىككى



قول ئىبغىزنىڭ خىزمىتىگە تەييار تۇرغاندەك تەييار تۇ-رۇپتۇ، ئېيتقىنا، ساڭا زادى نېمە كېرەك؟

**لائېرتېس:** ئالىيلىرى، بۇ قېتىم مەن دۆلىتىمگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇرا-سىملىرىغا قاتنىشىش شەرىپىگە ئىگە بولغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلماقتىمەن. ئەمدى ئالىيلىرىدىن مېنىڭ فرانسىيىگە قايتىپ كېتىشىمگە ئىجازەت بېرىشلىرىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

**پادىشاھ:** ئاتاڭ نېمە دەيدۇ؟ ئۇ قوشۇلدىمۇ؟

**پولونىيۇس:** ئۇنىڭ شۇنچە جىق يالۋۇرۇشلىرىدىن ئامالسىز قېلىپ بوپتۇ دەۋەتتىم. ئۇنىڭغا ئىجازەت بەر-گەيلا، ئالىيلىرى.

**پادىشاھ:** بولىدۇ، لائېرتېس، بارلىق ئەقىل - پارا-ستىڭنى بىمالال ئىشقا سالارسەن! جىيەنىم ھاملېت، ساڭا نېمە بولدى، چىرايىڭ تۇتۇلۇپلا كېتىپتىغۇ؟

**خانىش:** ھاملېت، ئۆزۈڭنى قايغۇدىن نېرىراق قىلساڭچۇ، يەرنىڭ قوينىدىن مۆھتەرەم ئاتاڭ چىقىپ قالىدىغاندەك، ھەمىشە بېشىڭنى ساڭگىلىتىپ يۈرسەڭ بولمايدۇ. بىلىشىڭ كېرەككى، ئىنسان ھامىنى بىر كۈنى ئۆلىدۇ، بۇ بىر ئادەتتىكى ئىش. ئاخىر ھەممىمىز ئەبەدىي ئاسايىشتە بولغان ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىمىز.

**ھاملېت:** خانىش ئانا، دەپنە مۇراسىمىدىكى ۋە يۈرۈش -تۇرۇشلىرىمدىكى غەمكىن كۆرۈنۈشۈم مېنىڭ

ھەقىقىي ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ كۆرۈنۈشلەرنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنمىز، يەنە كېلىپ ئۇنى ھەرقانداق ئادەم قىلالايدۇ، بىراق يۈرىكىمنى قامالاپ تۇرغان ھەقىقىي دەردۇ ـ پىغانلىرىمنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن.

**پادىشاھ:** ھاملېت، پەرۋەردىگار ساڭا پاك خىسلەت ئاتا قىلغان ئىكەن. لېكىن شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ھەممىشە مۇسىبەت ئازابى چېكىپ يۈرۈش پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسىگە قارشى بىر ئەخمەقلىق بولىدۇ. بۇ، ئوغۇل بالىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. مەن سېنىڭ بۇنداق قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويماسلىقىڭنى، مېنى ئۆز ئاتاڭ ئورنىدا كۆرۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمەن. سېنىڭ ۋىتتېنبېرگقا قايتىپ داۋاملىق ئوقۇماقچى بولۇشۇڭ بىزنىڭ ئارزۇيىمىزغا توغرا كەلمەيدۇ. نەسىھىتىمگە قۇلاق سال، بۇ يەردىن كەتمە.

**خانىش:** ھاملېت، بىزنى تاشلاپ كەتمە، ۋىتتېنبېرگقا بارمىغىن.

**ھاملېت:** سىزنىڭ ئىرادىڭىزگە بويسۇنۇشقا تىرىشىمەن، خانىش ئانا.

**پادىشاھ:** مانا بۇ ھەقىقىي ۋاپادار ئوغۇلنىڭ جاۋابى بولدى. ھاملېت، سېنىڭ بۇ ئىتائەتمەنلىكىڭ مېنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى. بۇنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بۈگۈن مەن ـــ دانىيە پادىشاھى ھەربىر قېتىم قەدەھ

كۆتۈرگىنىمدە، ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي توپ ئوقى ئېتىلسۇن. كەل! (هاملېتتىن باشقىلىرى چىقىپ كې-تىدۇ)

**هاملېت:** ئاھ، بۇ مەزمۇت جىسمىم ئېرىپ پارلى-نىپ، شەبنەمگە ئايلىنىپ كەتسە بولماسمىدى! خىرىس-تۇس نېمىشقىمۇ ئۆز ـ ئۆزىنى قەتل قىلىشنى چەكلى-ۋەتكەن بولغىيتتى! ئاھ، خۇدا! بۇ دۇنيا نېمانچە مەنى-سىز، چىرىك، رەزىل ۋە زېرىكەرلىك ـ ھە! ئۇ نەقەدەر ئېسىل پادىشاھ ئىدى ـ ھە! ئۇ بەئەينى پەرىشتىنىڭ ئۆ-زى ئىدى. ھازىرقىسىچۇ؟ نەق جادۇگەر، ئالۋاستىنىڭ ئۆزى. ئاتام ئانامنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى ھەتتا شامالدىنمۇ ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئالاتتى. بۇنداق بولارىنى ئەسلا ئويلىماپتىكەنمەن! ئاتامنىڭ ئۆلگىنىگە تېخى ئىككى ئايمۇ بولمىغان ئىدىغۇ، بولدىلا، ئويلىمايلا قوياي! نېمىدېگەن زەئىپلىك بۇ، ئاياللىقىڭنى قىلدىڭغۇ ئاخىر! تېخى بىر ئاي بۇرۇن، ئاتامنى يەرلىككە قويىدى-غان چاغدا، ئانام قار ـ يامغۇر يىغلاپ كەتكەن ئەمەسمى-دى؛ ئەمدىلىكتە بولسا ئاتامنىڭ كىرىپىكىگە توپا قونماي تۇرۇپلا، ئۇ ـــ ياپىرىم! ئەقلى يوق ھايۋان جىنىدا ئۇنىڭ-دىن ئۇزۇنراق ئازاب چېكەر بولغىيتتى ـــ ئۇ شۇنداق قىلىپ تاغامغا، ئاتامنىڭ ئىنىسىغا تېگىۋالدى. ئۇ يال-غاندىن ياش ئاققۇزغان كۆزلىرىدىكى قىزىللىق يىتمەي تۇرۇپلا ئەرگە تېگىۋالدى. يۈرىكىم يېرىلىپلا كەتسىچۇ،

شۇندىلا سۆزدىن قالار بولغىيتتىم.

(گوراتسىئو، ماسلىئۇس، برناردولار كىرىدۇ)

**گوراتسىئو:** بەختلىك بولۇڭ، جانابلىرى.

**هاملېت:** سىلەرنى كۆرگىنىمگە ئىنتايىن خۇشالمەن، دوستلار.

**گوراتسىئو:** جانابلىرى، تۈنۈگۈن كەچتە شاھ ئاتىڭىزنى كۆرگەندەك قىلدىم.

**هاملېت:** شاھ ئاتامنى!

**گوراتسىئو:** چۆچۈپ كەتمەڭ. ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، بۇ ئىشقا ئىككى دوستۇم گۇۋاھچى بولالايدۇ.

**هاملېت:** بولدى، تېزرەك دېگىن!

**گوراتسىئو:** بۇ ئىككى دوستۇم—ماسلىئۇس بىلەن برناردو يېرىم كېچىدە قاراۋۇللۇققا چىققاندا، ئۇدا ئىككى كېچە بېشىدىن ئايىغىغىچە جەڭ كىيىمى كىيگەن، سىياقى دادىڭىزغا ئوخشايدىغان بىر سىمانى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئاجايىپ مەردانە ۋە تەمكىن قەدەم بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۈچ قېتىم ئۆتۈپتىكەن، بۇلارنىڭ قورققىنىدىن پۇت ـ قولىدا جان قالماپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشنى ماڭا ئىيتقاندىن كېيىن، ئۈچىنچى كېچىسى قاراۋۇللۇققا مەنمۇ بىللە چىقتىم. دەل ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك، ھېلىقى ئەرۋاھ يەنە كۆرۈندى. ئۇنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى ۋە قىياپىتى ئۇلارنىڭ دېگىنى بىلەن ئوخشاش

چىقتى. مەن دادىڭىزنى تونۇيمەن، ئۇ ئەرۋاھ دادىڭىزنىڭ ھايات چېغىدىكى قىياپىتىگە شۇ قەدەر ئوخشايدىكەن.

**ھاملېت:** بۇ نەدە بولغان ئىش؟

**ماسلىئۇس:** قەلئەنىڭ ئۈستىدىكى بىز قاراۋۇل- لۇقتا تۇرىدىغان جايدا، جانابلىرى.

**ھاملېت:** ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ باقتىڭلارمۇ؟

**گوراتسىئو:** جانابلىرى، مەن گەپ قىلدىم، لېكىن ئۇ جاۋاب قايتۇرمىدى. بىراق مېنىڭچە، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ گەپ قىلماقچى بولغاندەك قىلىۋىدى، دەل شۇ چاغدا خوراز چىللاپ قالدى ـ دە، شۇ زامانلا كۆزدىن غا- يىب بولدى. جېنىمنى تىكىپ تۇرۇپ قەسەم ئىچىمەن- كى، جانابلىرى، بۇ راست گەپ؛ بىز بۇنى سىزگە ۋاق- تىدا ئېيتىپ قويۇشنى توغرا تاپتۇق.

**ھاملېت:** توغرا قىپسىلەر، دوستلىرىم، لېكىن بۇ ئىش مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. سىلەر بۈگۈن كېچىمۇ قاراۋۇللۇققا چىقامسىلەر؟

**ماسلىئۇس بىلەن برناردو:** شۇنداق، جانابلىرى.

**ھاملېت:** بۇ گەپچە سىلەر ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرمەپسىلەر ـ دە؟

**گوراتسىئو:** كۆردۇق، جانابلىرى، ئۇنىڭ چىرايىدا غەزەپتىن غەمكىنلىك كۆپرەك.

**ھاملېت:** ئۇ ساڭا قارىدىمۇ؟

**گوراتسىئو:** ئۇ ماڭا تىكىلىپ قارىدى.

**هاملېت:** ئۇنىڭ ساقىلىغا ئاق سانجىپتىمۇ؟
**گوراتسىئو:** هايات چېغىدىكىگە ئوخشاش قاپقارا ساقىلىغا بىرنەچچە تال ئاق سانجىلغان ئىكەن.
**هاملېت:** شۇ چاغدا مەنمۇ شۇ يەردە بولغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى؟! بۈگۈن كېچە مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە قاراۋۇللۇققا چىقاي، بەلكىم ئۇ يەنە پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەن چوقۇم ئۇنىڭغا گەپ قىلىمەن. سىلەر كۆرگىنىڭلارنى هېچكىمگە تىنماڭلار. بۈگۈن كېچە مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىچىڭلاردا بىلىڭلار، كەلگەنلا يەردە دەپ يۈرمەڭلار. خوش ئەمىسە، بۈگۈن كەچ سائەت 12 دىن بۇرۇن قەلئە سېپىلى ئۈستىدە كۆرۈشەيلى.
**ئۇچەيلەن:** سىزگە ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىشقا تەييارمىز، جانابلىرى. (هەممىسى چىقىپ كېتىدۇ)

## 3. پولونىيۇسنىڭ ئائىلىسى

(لائېرتۇس بىلەن ئوفېلىيە كىرىدۇ)

**لائېرتۇس:** يۈك ـ تاقلىرىم كېمىگە بېسىلىپ بولدى، خوش، سىڭلىم. دائىم خەۋىرىڭنى ئاڭلاپ تۇراي. ھاملېتنىڭ ساڭا بولغان ھېسسىياتى خۇددى باش باھاردىكى رۇخسىگۇلدەك گۈزەل بولغىنى بىلەن، بالدۇر توزۇپ كېتىدۇ. سەن بۇنى پەقەت ياشلارنىڭ بىردەملىك قىزغىنلىقى دەپ چۈشەنسەڭلا بولىدۇ. بەلكىم ئۇ سېنى ھازىرمۇ سۆيىدىغاندۇ، ساڭا بولغان مۇھەببىتى ھەقىقىي ۋە پاك ـ غۇبارسىز بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۇ ئادەتتىكى پۇقرالارغا ئوخشاش ئەركىن تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ئىرادىسىمۇ ھەرگىز ئۆزىگە باغلىق ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ قارارى پۈتكۈل ئەلنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ سېنى سۆيىمەن دېسە، ھەرگىز يەڭگىللىك بىلەن ئىشىنىپ كەتمىگىن. ئۇنىڭ سالاھىيىتى ۋە مەرتىۋىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئارزۇسى پۈتكۈل دانىيە پادىشاھلىقىدىكى ئومۇمىي جامائەت پىكرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. سەن يەنە شۇنىمۇ ئويلاپ قوي، ناۋادا

كۆڭلۈڭنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنىڭ تەلۋىلەرچە يالغۇز-
رۇشلىرىغا ئېرىپ كېتىپ ئېيپەت ـ نومۇسىنىڭ قىم-
مەتلىك دەرۋازىسىنى ئۇنىڭغا ئېچىپ بەرسەڭ، ئۇ چاغدا
نام ـ ئابرۇيۇڭ زور تالاپەتكە ئۇچرايدۇ، پەخەس بولارسەن،
سىڭلىم، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمە، شەھۋا-
نىيەتنىڭ ئۆتكۈر تىغى جىسمىڭنى شىكەستە قىلمى-
سۇن.

**ئوفېلىيە:** سۆزۈڭنى قۇلىقىمدا چىڭ ساقلايمەن، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە تاقاق سېلىپ تۇرار، ۋۆي، دادام كەلدى. (پولونىيۇس كىرىدۇ)

**پولونىيۇس:** لائېرتىس، مەن ساڭا بەخت تىلەيمەن! ساڭا دەپ قويىدىغان يەنە بىرنەچچە ئېغىز گېپىم بار، ئېسىڭدە ساقلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر ئىشنى ئوبدان ئويلىشىپ قىلغىن، كەم سۆز بول، باشقىلارنىڭ سۆزىنى كۆپرەك ئاڭلا، كىشىلەرگە مۇلايىم بول، تە-گەشمە، ناۋادا جېدەللىشىپ قالغۇدەك بولساڭ ھەرگىز بوش كەلمەي، ئۆزۈڭنى تونۇتۇپ قوي. كىيىملىرىڭ چوڭ سۈپەت، ئېسىل بولسۇن، ئۆزگىلەرگە قەرز بېرىش ـ قەرز ئېلىش ئىشلىرىنى قىلمىغىن، ھەممىدىن مۇھى-مى ئۆزۈڭگە سادىق بول، ئۆزىڭگە سادىق بولغان ئادەم ئۆزگىنى ئالدىمايدۇ، مۇشۇ سۆزلىرىمنىڭ ئەمەلىيە-تىڭدە ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**لائېرتىس:** ئېسىمدە تۇتىمەن، ئاتا. خەير ـ خوش،



ئوفېلىيە، بابا ساڭا دېگەنلىرىم ئېسىمدە بولسۇن. (چىقىپ كېتىدۇ)

**پولونيۇس:** ئۇ ساڭا نېمە دېگەنىدى؟

**ئوفېلىيە:** بابا بىز هاملېت جانابلىرىنىڭ گېپىنى قىلىشتۇق.

**پولونيۇس:** ئاڭلىسام، يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇۋېتىپسەن. ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق مۇناسىۋەت بار؟ راستىنى ئېيت!

**ئوفېلىيە:** ئۇ ماڭا يېقىندا بىرنەچچە قېتىم مۇھەببىتىنى ئىزهار قىلدى.

**پولونيۇس:** مۇھەببىتىنى! توۋا، سەن بۇنىڭ خەتىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان گۆدەك قىزدەك گەپ قىلىۋاتىسىنا. سەن تېخى ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەندىڭمۇ؟

**ئوفېلىيە:** ئاتا، بۇ ئىشنى قانداق ئويلاشنى ئۆزۈمۇ بىلمەيۋاتىمەن. ئۇ ماڭا ناهايىتى سەمىمىي، ئاشكارا هالدا مۇھەببەت ئىزهار قىلدى، هەتتا گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇقەددەس قەسەملەرنىمۇ ئىچتى.

**پولونيۇس:** ئۇنىڭ هەممىسى ئەخمىقانە قىلتاق. ئادەم دېگەن ئوتلۇق سېزىم ئىچىدە هەرقانداق قەسەمنى ئاغزىغا ئېلىۋېرىدۇ. ئۇ شۇنداق ئوتكى، هارارىتىدىن يورۇقى كۈچلۈك. ئۇنى هەرگىز هەقىقىي ئوت دەپ ئويلاپ قالما. هازىردىن ئېتىبارەن قىممىتىڭنى ئاشۇر، ئۇ

سېنى چاقىرسىلا لەببەي دەپ تۇرىدىغانلاردىن ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن، هاملېت جانابلىرى بىر ياش شاھزادە، ھامان سەندىن جىق ئەركىن ئىش قىلالايدۇ. قىسقىسى، ئوفېلىيە، ھازىردىن باشلاپ هاملېت جانابـ. لىرى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشۇڭغا رۇخسەت يوق.

**ئوفېلىيە:** گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن، ئاتا. (ئىككىسى بىللە كىرىپ كېتىدۇ)

## 4. قەلئە سېپىلى ئۈستىدىكى مەيدان

(هاملېت، گوراتسىئو ۋە ماسلىئۇسلار كىرىدۇ)

**هاملېت:** هازىر قايسى چاغ بولدى؟

**گوراتسىئو:** تېخى سائەت 12 بولمىدىغۇ دەيمەن.

**ماسلىئۇس:** ياق، 12 گە داڭ ئۇرۇپ بولدى.

**گوراتسىئو:** شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە ئەرۋاھنىڭ كۆرۈنىدىغان ۋاقتى بوپتۇ. (ئەرۋاھ چىقىدۇ) قاراڭ، جانابلىرى، ئۇ كەلدى.

**هاملېت:** بىزگە پەرىشتىلەر باشپاناھ بولسۇن! مەيلى سەن ياخشى روھ ياكى رەزىل ئالۋاستى بول، مەيلى سەن جەننەتنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلىنى ياكى دوزاخنىڭ تەتۈر قۇيۇنىنى ئەكەلگەن بول، مەيلى سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئايىڭ ياخشى ياكى يامان بولسۇن، مەن ساڭا گەپ قىلىمەن، مەن سېنى ئاتام دەيمەن، ئى، قەدىرلىك دانىيە پادىشاھى، قېنى ماڭا جاۋاب بەرگىنچۇ! ئېغىر مەرمەر تاشلار بىلەن قاتۇرۇلغان قەبرەڭ قانداقلارچە ئېچىلىپ سېنى سىرتقا چىقىرىۋەتتى؟ نېمە ئۈچۈن جانسىز جىسمىڭ ئايدىڭ كېچىدە ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىق پەيدا بولدى؟ ئېيتقىنا، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەن مېنى نېمە قىل دېمەكچى؟ (ئەرۋاھ هاملېتقا قول

ئىشارەتنى قىلىدۇ)

**گوراتسىئو:** ئۇنىڭ پەقەت سىزگىلا دېيدىغان گې-
پى باردەك قىلىدۇ.

**ماسلىئۇس:** ئۇ سىزنى خالىي بىر يەرگە بېرىشقا
ئىشارەت قىلىۋاتىدۇ، ھەرگىز ئۇنىڭ كەينىدىن بارماڭ.

**ھاملېت:** ۋاي، قورققۇدەك نېمىسى بار؟ مەن جې-
نىمنى بىر تال يىڭنىچىلىكمۇ كۆرمەيمەن، مېنىڭ
ئەرۋاھىممۇ مۇشۇ ئەرۋاھتەك مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، ئەجەبا ئۇ
ماڭا زىيانكەشلىك قىلارمۇ؟ مەن ئۇنىڭ كەينىدىن بې-
رىپ باقاي.

**گوراتسىئو:** گېپىمىزگە كىرىڭ، بارماڭ.

**ھاملېت:** پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىسمەت مېنى چا-
قىرىۋاتىدۇ، جىسمىمدىكى ھەربىر تال تومۇرۇممۇ خۇد-
دى غەزەپلىك شىرنىڭ قوۋۇرغىسىدەك كۈچكە تولماقتا.
ئۇ يەنە مېنى چاقىرىۋاتىدۇ. مېنى قويىۋېتىڭلار، ئەزبە-
رايى خۇدا، ئەمدى كىم ماڭا ئېسىلىۋالىدىكەن، مەن ئۇنى
ئەرۋاھقا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن! مېڭىۋەر، كەينىڭدىن كېتى-
ۋاتىمەن. (ئەرۋاھ بىلەن ھاملېت بىللە كىرىپ كېتىدۇ)

**ماسلىئۇس:** بىزمۇ كەينىدىن بارايلى. (ئىككىسى
چىقىپ كېتىدۇ)

**ھاملېت:** (ئەرۋاھ بىلەن ھاملېت كىرىدۇ) سەن
مېنى نەگە ئاپارماقچى؟ ئەمدى ماڭمايمەن.

**ئەرۋاھ:** گېپىمگە قۇلاق سال، مېنىڭ ۋاقتىم تو-

شۇپ قالدى، مەن يەنە ۋەيلۇن دوزاخىنىڭ ئىچىگە قايتىپ كۆيۈشۈم كېرەك. ماڭا ئىچ ئاغرىتماي، گېپىمگە قۇلاق سالساڭلا بولدى.

**هاملېت:** سۆزلىگىن، ئەلۋەتتە، قۇلاق سالىمەن.

**ئەرۋاھ:** ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۈچۈن قىساس ئېلىشىڭ كېرەك. مەن سېنىڭ ئاتاڭنىڭ روھى، هايات چېغىمدا قىلغان گۇناھلىرىم تېخى يۇيۇلۇپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كېچىسى مۇشۇنداق كېزىپ يۇ-رۇش، كۈندۈزى ئوتتا كۆيۈش جازاسىغا هۆكۈم قىلىن-دىم. هايات چېغىمدا قىلغان گۇناھلىرىم ئوتتا كۆيۈپ ساقىت بولغاندىن كېيىن، بۇ جازادىن قۇتۇلىمەن. ئاڭلا! ناۋادا سەن بۇرۇن قەدىرلىك ئاتاڭنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرگەن بولساڭ، چوقۇم ئۇنى ئۆلتۈرگەنلەردىن قان قەرزىنى ئېلىشىڭ كېرەك. بۇ بىر ئېچىنىشلىق قا-تىللىق، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۇيىقەست.

**هاملېت:** قان قەرز!

**ئەرۋاھ:** هاملېت، گېپىمگە قۇلاق سال، كىشى-لەرنىڭ ھەممىسى مېنى باغدا ئۇخلاۋاتقاندا بىر زەھەر-لىك يىلان چېقىۋېلىپ ئۆلدى دەپ ئويلاشتى. بۇ ئۆلۈش سەۋەبى پۈتۈن دانىيە خەلقىنى ئالداپ كېتەلىدى. شۇنى بىلىپ قوي، ئاتاڭنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن ئۇ يىلان هازىر بېشىغا ئالتۇن تاج كىيىۋالدى.

**هاملېت:** كۆڭلۈمگە كەچكىنى توغرا ئىكەندە! قا-

تىل تاغامىۇ؟

**ئەرۋاھ:** مەن ئادىتىم بويىچە ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن باغدىكى گۈللۈكتە ئۇخلايتتىم، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن باغدىكى گۈللۈكتە ئۇخلاۋاتقان چې-غىمدا، تاغاڭ تىۋىش چىقارماي قېشىمغا كېلىپ قۇلى-قىمغا بىر خىل زەھەرلىك سۇيۇقلۇقنى قۇيۇۋەتتى، ئۇ سۇيۇقلۇق بەدىنىمگە كىرگەندىن كېيىن خۇددى سى-مابتەك تاراپ تومۇر ـ تومۇرۇمغا بېرىپ، قانلىرىمنى ئۇيۇتۇپ قويدى ـ دە، ئەسلىدىكى سىلىق تېرەمگە قاسى-راقسىمان بىر نېمىلەرنى چىقىرىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، شۇ يېتىشىمدىلا ھاياتىمدىن ئايرىلدىم، ئۆز قېرىندىشىم ھاياتىمنى، تاج ــ تەختىمنى، ھەتتا خانىشىمنى بىراقلا تارتىۋالدى، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە! ئەگەر سەندە ۋىجدان دېگەن نەرسە بولسا، سۈكۈت قىلىپ تۇرما، دانىيە پادىشاھلىقىنىڭ پاك ھەرىمىنىڭ ئىپلاس، بۇ-زۇقلارنىڭ ئىشرەتخانىسىغا ئايلىنىپ قېلىشىغا يول قويما. بىراق سەن قانداق ئۆچ ئالساڭ ئالغىنكى، ئاناڭ-دىن ئۆچ ئالما، ئۇ ھامان بىر كۈنى پەرۋەردىگارنىڭ ۋە ئۆز ۋىجدانىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ! ئەمدى مەن كەتمى-سەم بولمايدۇ، قەبرىستانلىقتىكى يالتىراق قوڭغۇزلار-دىن چىققان ئاجىز نۇرلار ئاستا ـ ئاستا خىرەلىشىشكە باشلىدى، تاڭ ئاتاي دەپ قالدى. خەير ـ خوش، ھاملېت! مېنى ئۇنتۇمىغىن!(چىقىپ كېتىدۇ)

**هاملېت:** ئاھ، پەرۋەردىگار! ئاھ، مېنىڭ يۈرىكىم! تېنىمدىكى ئۈگە ـ ئۇستىخانلىرىم! بىراقلا كاردىن چىقىپ كەتمەي، جىسمىمنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرغايسىلەر! سېنى ئېسىمدە مەھكەم ساقلايمەن، ئەي بىچارە ئەرۋاھ! زېھنىمنى يوقىتىپ قويمىساملا، سېنى چوقۇم ئېسىمدە ساقلايمەن! شۇنداق، مەن سېنى ئېسىمدە ساقلايمەن! كاللامدىن جىمىكى پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەرنى، جىمىكى كىتابىي ھېكمەتلەرنى، بارلىق ئۆتكەن كۆنلەرنىڭ تەسىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، پەقەت سېنىڭ ئەمرىڭنىلا مەھكەم ساقلايمەن. تاغا، مەن سېنى يېزىپ چىقىمەن، قەسەم قىلىمەنكى، ئەمدى مەن پەقەت «خەير ـ خوش، خەير ـ خوش! مېنى ئېسىڭدە تۇت» دېگەننىلا دەستۇر قىلىپ يادلايمەن!

**گوراتسىئو:** جانابلىرى، نېمە ئىش بولدى، بىزگە دەپ بېرىڭا!

**هاملېت:** سىلەر خەققە ئاشكارىلاپ قويىسىلەر.

**گوراتسىئو:** ياق، جانابلىرى، ئەزبىرايى خۇدا، بىز ھېچكىمگە ئاشكارىلىمايمىز.

**هاملېت:** كىممۇ بۇنداق بولارىنى ئويلىغان؟ گوراتسىئو، ھېلىقى ئەرۋاھنىڭ گېپىنى دېسەم، ئۇ بىر ياۋاش ئەرۋاھ ئىكەن. ئۇنىڭ ماڭا نېمە دېگەنلىكىنى بىلگۈڭلار كەلسە، ۋاقتىنچە سورىماي تۇرۇڭلار. ئىككىڭلار مېنىڭ يېقىن دوستلىرىم، قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ


بار كىشىلەر، مېنىڭ ئەرزىمەس بىر تەلپىمگە قۇلاق سېلىڭلار.

**گوراتسىئو:** نېمە تەلەپلىرى باركىن، جانابلىرى؟ قېنى دەپ بېقىڭە!

**هاملېت:** بۈگۈن كەچتە كۆرگەن ئىشلارنى مەڭگۈ بىرەر ئادەمگىمۇ تىنىپ سالماڭلار. مەيلى قانداق چاغدا بولسۇن، ئاغزىڭلارنى چىڭ تۇتۇپ مەخپىيەتلىكنى ساقلاڭلار. قولۇڭلارنى قىلىچىمغا قويۇپ، بۈگۈن كۆرگەن ئىشنى مەڭگۈ ھېچكىمگە تىنمايمىز، دەپ قەسەم قىلىڭلار. (ئىككىسى قەسەم قىلىدۇ)

**هاملېت:** گوراتسىئو، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلارنى سىلەرنىڭ دانا كاللاڭلارمۇ خىيال قىلىپ باقمىغان. كېلىڭلار، يەنە بىر قېتىم قەسەم قىلىڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن مەن بەلكىم بەزى چاغلاردا قەستەن ئېلىشىپ قالغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشىم مۇمكىن، سىلەر مېنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىمنى كۆرگەندە، سىرىمنى بىلىدىغانلىقىڭلارنى چاندۇرۇپ قويماڭلار. خۇدايىم سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! قەسەم قىلىڭلار. (ئىككىسى قەسەم قىلىدۇ)

**هاملېت:** خاتىرجەم بولغىن، جەبىرلەنگەن روھ! بولدى دوستلىرىم، مەن سىلەرگە پۈتۈنلەي ئىشىنىمەن، سىلەر ھەرقانداق ۋاقىتتا قەسىمىڭلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلاڭلار. بۇ پەلەكنىڭ



چەرخى بۇزۇلدى، ھەي، ئۇنى يىگىۋاشتىن ئوڭشاشنىڭ
ماڭا قالغىنىنى قارىمامدىغان!
(ھەممىسى بىللە چىقىپ كېتىدۇ)

## 5. پولونيۇسنىڭ ئۆيى

(پولونيۇس بىلەن ئوفېلىيە چىقىدۇ)

**پولونيۇس:** نېمە بولدى ئوفېلىيە؟

**ئوفېلىيە:** قورققىنىمدىن جېنىم چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى، ئاتا! بايا ئۆيدە ئىش تىكىپ ئولتۇرسام، هاملېت جانابلىرى يۈگۈرۈپ كىردى، چاپىنىنىڭ ئالدى ئوچۇق، بېشىدا شىلەپىسىمۇ يوق، پايپاقلىرى لاي، ئۇشۇقىغىچە تۇرۇلۇپ قاپتۇ، چىرايى ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكىدەك ئاقىرىپ كەتكەن، تىزلىرى تىترەكتىن بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. تەلەتى شۇنچىلىك ئېچىنىشلىقكى، خۇددى كۆرگەن مۇدهىش ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن دوزاختىن هېلىلا چىققاندەك.

**پولونيۇس:** ئۇ سېنىڭ مۇهەببىتىڭگە ئېرىشەلمەي ئېلىشىپ قالمىغاندۇ؟

**ئوفېلىيە:** مەنمۇ بىلەلمىدىم، بەلكىم شۇنداقمىكىن.

**پولونيۇس:** ئۇ ساڭا نېمە دېدى؟

**ئوفېلىيە:** ئۇ قولۇمنى بېغىشىدىن كاپپىدە تۇتۇپ قويۇۋەتمەي تۇرۇپ، چىرايىمغا كىرپىك قاقماي قاراپ كەتتى، بىر هازادىن كېيىن قولۇمغا بېشىنى ئۈچ قېتىم

تەگكۈزۈپ قويۇپ، خۇددى ھازىرلا يۈرىكى قېپىدىن ئې-تىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چوڭقۇر ۋە ئېچىنىشلىق ئۇھ تارتىپ كەتتى، ئاندىن ئۇ مېنى قويۇۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلدىيۇ، لېكىن بېشىنى بۇرىماي، كۆزىنى مەندىن ئۈزمەي، خۇددى ئالدىغا قارىمىسىمۇ يولىنى تاپالايدىغان-دەك مېڭىپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

**پولونيۇس:** يۈر، مەن بىللە ماڭ، قىزىم. مەن ھازىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرمەكچىمەن. بۇ دەل سەۋدايىلىقنىڭ ئىپادىسى، ئەقىل ئازغۇنلۇقى، ئادەمگە بىرنەرسە قاتتىق تەسىر قىلغاندىلا، ئاندىن ھەر خىل بىمەنە ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ، يېقىندا سەن ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىز بىرەر گەپ قىلغانمىدىڭ؟

**ئوفېلىيە:** ياق، ئاتا، لېكىن سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىز بويىچە، ئۇنىڭغا ماڭا خەت يازماسلىقنى، مەن بىلەن كۆرۈشمەسلىكنى ئېيتقانىدىم.

**پولونيۇس:** ئۇنىڭ سەۋدايى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى چوقۇم شۇ، ئۆزۈممۇ ئەتراپلىق ئويلىماي، ئۇ-نىڭغا خاتا باھا بېرىپ قاپتىمەن. مەن ئۇنى سېنى كۆ-ڭۈل خۇشى قىلىپ ئويناپ، ئىستىقبالىڭغا تەسىر يەت-كۈزۈپ قويىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، بىھۇدە گۇمانخور-لۇق قىلمىسام بوپتىكەن! ئادەم قېرىغاندا گۇمانخور بو-لۇپ قالىدىكەن. بۇ ئىشنى ھەرگىز يوشۇرغىلى بول-مايدۇ. يۈر، ئىككىمىز پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرەيلى. (ئىككىسى بىللە چىقىپ كېتىدۇ)

# 6. قەلئەدىكى بىر ئۆي

(پادىشاھ، خانىش، روسىنكران، كىردىستون ۋە ئۇلا-رنىڭ مۇلازىملىرى كىرىدۇ)

**پادىشاھ:** ياخشىمۇسىلەر، روسىنكران، كىردىستون، ھاملېتتىكى ئۆزگىرىشتىن بەلكى خەۋىرىڭلار بولۇشى مۇمكىن، ئۇ مەيلى تاشقى قىياپەت، مەيلى روھىي جە-ھەتتىن بولسۇن بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. مەن ئا-تىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن باشقا زادى قانداق بىر ئىشنىڭ ئۇنى مۇشۇنداق سەۋدايىدەك قىلىپ قويغانلىقىنى ھېچ بىلەلمىدىم. سىلەرنى ئالايىتەن ھۇزۇرۇمغا چاقىرىشىمە-دىكى مەقسەت شۇكى، ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە كۈن بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە زادى قانداق مەخپىيەتلىك بارلىقىنى بىلىپ باقساڭلار، بىلگەندىن كېيىن دەردىگە لايىق شىپالىق ئىزدەپ باقساق.

**روسىنكران بىلەن كىردىستون:** خىزمەتلىرىگە تەييارمىز، ئالىيلىرى! بىزنىڭ ياردىمىمىز بىلەن ئوڭ-شىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

**خانىش:** رەھمەت سىلەرگە، كېلىڭلار، بۇ ئىككى يىگىتنى ھاملېتنىڭ يېنىغا ئاپىرىڭلار. (ئىككىسى چىقىپ كېتىدۇ، پولونيۇس كىرىدۇ)

**پولونىيۇس:** شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولسۇنكى، نورۋېگىيىگە ئەۋەتكەن ئەلچىمىز قايتىپ كەلدى. ئۇ-نىڭدىن باشقا، ھاملېتنىڭ ئېلىشىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ تېپىلدى، ئالىيلىرى ئالدى بىلەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلسىلا، ئاندىن مەن سەۋەبىنى مەلۇم قىلاي.

(پولونىيۇس چىقىپ كېتىدۇ.)

**پادىشاھ:** خانىشىم، ئۇ ئوغلىڭىزنىڭ نېمە ئۈچۈن مەجنۇندەك بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم دەي-دىغۇ.

**خانىش:** مېنىڭچە، ئاساسىي سەۋەب ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بىزنىڭ ئالدىراپ توي قىلىۋالغانلىقىمىز بولسا كېرەك. (پولونىيۇس فودماند بىلەن كانلىئۇسنى باشلاپ كىرىدۇ)

**پادىشاھ:** خۇش كەپسىلەر، قەدىردانلىرىم! نورۋې-گىيە خانى نېمە دەيدۇ؟

**فودماند:** ئۇ شاھ ئالىيلىرىغا سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشىمىزنى تاپىلىدى. ئەسلىي ئۇ جىيەنىنى پولەك-لەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىغان ئىكەن، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، دەرغەزەپكە كېلىپ كىچىك فورتىنبراسقا قاتتىق تەنبىھ بېرىپ، ئۇنى توپلىغان لەشكەرلىرىنى باشلاپ پولەكلەر-گە جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ خېتىدە ئالىي-لىرىدىن ئۆز قوشۇنىنىڭ زېمىنىمىزدىن كېسىپ ئۆ-

تۇشىگە رۇخسەت قىلىشلىرىنى ئۆتۈندى ھەمدە يەرلىك-نىڭ ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەيمىز دەپ كاپالەت بەر-دى. (مەكتۇپنى بېرىدۇ)

**پادىشاھ:** ياخشى، سىلەر بۇ ۋەزىپە بىلەن ئۇزۇن يول مېڭىپ ناھايىتى جاپا تارتتىڭلار، چىقىپ ئارام ئېلىڭلار. (فودماند بىلەن كانلىئۇس چىقىپ كېتىدۇ)

**پولونيۇس:** شاھ ئالىيلىرى، خانىش ئايىم، مەن ئالدى بىلەن شاھزادە جانابلىرىنىڭ سەۋدايى بولۇپ قې-لىشىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرەي. ھاملېت جاناب-لىرى مېنىڭ قىزىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىكەن، مەن قىزىمدىن شاھزادە جانابلىرىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا شاھزادە جانابلىرى بىلەن داۋاملىق بېرىش-كېلىش قىلماسلىق توغرىلىق تەربىيە بەردىم. قىزىم شاھزادى-نىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىپ، ئا-خىر مانا بۇگۈنكىدەك، ھەممىمىزنى ئېچىندۇرىدىغان سەۋدايى ھالەتكە يەتتى.

**خانىش:** بۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

**پادىشاھ:** بىز بۇ ئىشنىڭ راستلىقىنى قانداق ئىسپاتلايمىز؟

**پولونيۇس:** شاھزادە جانابلىرى بەزىدە مۇشۇ كارى-دوردا ئۆياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرىدۇ، دەل شۇ چاغدا،



مەن قىزىمنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە چىقىراي، بىز پەردىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۇلارنى كۆزىتىپ باقايلى.

**پادىشاھ:** بۇ ئامالنى سىناپ باقساق بولغۇدەك.

(هاملېت پەرىشان هالدا كىتاب ئوقۇپ چىقىدۇ)

**پولونىيۇس:** ئالىيلىرى، خانىش ئايىم، ھەرقايسى-لىرى ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشسىلا، ئۇنىڭ بىلەن ئۆ-زۈم كۆرۈشەي. (پادىشاھ، خانىش چىقىپ كېتىدۇ)

**پولونىيۇس:** ياخشىمۇسىز، هاملېت جانابلىرى، مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟

**هاملېت:** تونۇدۇم، سىز هېلىقى بېلىقپۇرۇشقۇ!

**پولونىيۇس:** ياق، ئۇنداق ئەمەس جانابلىرى.

**هاملېت:** مەن سىزنى بېلىقپۇرۇشتەك سەممىي ئادەم بولسىكەن دەيمەن. بۇ دۇنيادا ئون مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدىن ئاران بىر سەممىي ئادەم چىقىدۇ.

**پولونىيۇس:** ناهايىتى توغرا دېدىڭىز، جانابلىرى. راستىنى ئېيتسام، ياش ۋاقتىمدا مەنمۇ مۇھەببەت دەردىدە سەۋدايى بولۇپ قالغان، مېنىڭ ئەھۋالىممۇ بۇ-نىڭدىن قېلىشمايتتى. (مەن ئۇنى يەنە گەپكە سېلىپ باقاي) ئوقۇۋاتقىنىڭىز نېمە ئۇ، جانابلىرى.

**هاملېت:** ھەممىسى قۇرۇق گەپ، قۇرۇق گەپ!

**پولونىيۇس:** سىز ئوقۇۋاتقان كىتابتا نېمە گەپ بار ئىكەن، دەپ سوراۋاتىمەن، جانابلىرى.

**هاملېت:** پۈتۈنلەي بولمىغۇر گەپلەر، ئەپەندى،

خەقنى مازاق قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان ئۇ ئەبلەخ بۇ-
نىڭدا، ياشانغانلا ـنىڭ چاچ ـ ساقىلى ئاق، يۈزى پۈتۈنلەي
قورۇق بولىدۇ. كۆزلىرىدە چاپاق قاينايدۇ، مېڭىسى
قۇپقۇرۇق، پۇتلىرى تىترەپ تۇرىدۇ، دەپتۇ. مەن بۇ گەپ-
لەرگە ناھايىتى ئىشىنىسەممۇ، بىراق كىتابقا شۇنداق
يېزىشنى قىلىقسىزلىق ھېسابلايمەن. چۈنكى، ئەپەندى،
ئۆزىڭىزنى ئېلىپ ئېيتايلى، ناۋادا سىزمۇ قىسقۇچپاقا
كەيىگە يانالىغاندەك كەينىڭىزگە يانالىسىڭىز، ماڭا
ئوخشاش ياش يىگىتكە ئايلىنىپ قالامسىز؟

**پولونيۇس:** بۇ گەپ ساراڭلارچە ئېيتىلغان بىلەن
تېگىدە چوڭقۇر مەزمۇن بار — ئىچكىرىگە كىرىپ كې-
تمۇاتامسىز، جانابلىرى؟ شامالداپ قالماڭ!

**ھاملېت:** قەبرەمگە كىرىپ كەتمەكچىمەن.

**پولونيۇس:** راست، ئۇ راستتىنلا شامال تەگمەيدى-
غان جاي. ئۇنىڭ جاۋابلىرى بەزىدە نەقەدەر چوڭقۇر مە-
نىلىك ـ ھە! سەۋدايى ئادەملەر بەزىدە ئەقلى ـ ھوشى جا-
يىدا ئادەملەرمۇ قىلالمايدىغان گەپلەرنى قىلىدۇ. مەن بۇ
يەردىن چىقىپ دەرھال قىزىمنى كىرگۈزەي — جانابلى-
رى، مەن سىز بىلەن خوشلاشماقچىمەن.

**ھاملېت:** ئەپەندى، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش، ئى-
لاھىم مېنىمۇ ھاياتىم بىلەن خوشلىشىشقا نېسىپ
قىلسۇن.

**پولونيۇس:** خوش ئەمىسە، جانابلىرى. (چىقىپ

كېتىدۇ)

**هاملېت:** ئادەمنى بىزار قىلىدىغان قېرى كالۋالار.

(روسىنكران بىلەن كىردىستون كىرىدۇ)

**كىردىستون:** مۆھتەرەم جانابلىرى!

**روسىنكران:** ئەڭ قەدىرلىك جانابىم!

**هاملېت:** قەدىرلىك دوستلىرىم! كىردىستون! ئاھ، روسىنكران! ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

**روسىنكران:** بىز بولساق قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئىقتىدارسىز ئادەملەرمىز، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈپ لاغايلاپ يۈرۈپتىمىز شۇ.

**هاملېت:** دوستلىرىم، سىلەر تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئالدىدا نېمە جىنايەت سادىر قىلغانىدىڭلار، ئەجەب ئۇ سىلەرنى بۇ زىندانغا ئەكېلىپ قويۇپتۇغۇ؟ دانىيىنىڭ ئۆزى بىر زىندان.

**روسىنكران:** ئۇنداقتا، دۇنيانىڭ ئۆزىمۇ بىر زىندان.

**هاملېت:** شۇنداق! ئۇ ئالامەت چوڭ بىر زىندان، ئىچىدە نۇرغۇنلىغان مەھبۇسخانىلار بار، دانىيە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يامىنى.

**روسىنكران:** بىز ئۇنداق قارىمايمىز، جانابلىرى.

**هاملېت:** سىلەر ئۈچۈن زىندان ئەمەس، چۈنكى دۇنيادا ئەسلىي ياخشى ـ يامان دېگەن نەرسە بولمىغان، بۇنى ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ئايرىۋالغان. مانا

مەن ئۇچۇن ئۇ بىر زىندان. يا، پەرۋەردىگار! ئەگەر ھەمىشە يامان چۈش كۆرمەيدىغان بولسام، مېنى ياڭاقنىڭ شاكىلىغا سولاپ قويغان تەقدىردىمۇ، ئۆزۈمنى يەنىلا چەكسىز ماكانغا ئىگە شاھ دەپ ھېسابلاۋېرەتتىم. بىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئاغىنىدارچىلىقىمىزنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۇچۇن، ماڭا راستىنى دەپ بېقىڭلارچۇ، بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟

**روسىنكران:** سىزنى يوقلاپ كەلدۇق، جانابلىرى.

**ھاملېت:** سىلەرنى بىرى چاقىرتقانمىدى ياكى ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلار نىيەت قىلىپ كەلگەنمۇ؟ مېنى ئالدىماڭلار. قېنى، ئېيتىڭلارچۇ، چىرايىڭلاردىن چىقىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىلىمەن، سىلەر بۇيرۇققا بىنائەن كەلگەن، شاھىمىز بىلەن خانىشىمىز ئەۋەتكەن.

**كىردىستون:** شۇنداق جانابلىرى، بىز بۇيرۇق بويىچە كەلگەن.

**ھاملېت:** نېمە ئۇچۇن كەلگەنلىكىڭلارنى مەن دەپ بېرەي، بولمىسا شاھ بىلەن خانىشنىڭ مەخپىي تاپشۇرۇقىنى ئاشكارىلاپ قويغان بولماڭلار يەنە. يېقىنىدىن بۇيان، نېمىشقىكىن بىلمەيمەن، ھېچنېمىگە قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدىم، بۇنداق ھەسرەتلىك ـ غەمكىن كەيپىيات ئاستىدا، جىمىكى مەخلۇقات ـ مەۋجۇداتلارنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ گۈزەل زېمىن ماڭا خۇددى ھېچنېمە ئۇنمەيدىغان قاقاس چۆلدەكلا بىلىنىدىغان، ھەننىۋا

جانلىقلارغا سايىۋەن بولۇپ تۇرغان كۆك ئاسمان ـ زې-مىننىڭ بۇ سەلتەنەتلىك يوپۇقى، ئالتۇن رەڭ ئوتلۇق شارچىلار زىننەتلەپ تۇرغان بۇ ھەشەمەتلىك ئوردا مەن ئۈچۈن خۇددى زەھەرلىك بۇس، پاسكىنا ھاۋانىڭ يى-غىندىسىدەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ئاھ، ئىنسان دېگەن نېمانچە قالتىس يارىتىلغان ـ ھە! ئۇ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەتكە، تەڭداشسىز ئۇلۇغ كۈچ ـ قۇدرەتكە، گۈزەل قەددى ـ قامەت ۋە لاتاپەتكە ئىگە. ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى بەئەينى پەرىشتىگە، ئەقىل ـ پاراسەتتە بەئەي-نى ئىلاھقا ئوخشايدۇ! ئۇ پۈتكۈل كائىناتتىكى جىمىكى مەۋجۇداتلارنىڭ سەرخىلى، گۈلتاجىسى! لېكىن مېنىڭ نەزەرىمدە لايدىن ياسالغان بۇ جان ئىگىسى قانچىلىك نېمىتى؟ ئىنسان مېنى قىزىقتۇرالمايدۇ، ئاياللارمۇ مې-نى قىزىقتۇرالمايدۇ.

**روسىنكران:** جانابلىرى، ئىنسان سىزنى قىزىق-تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنداقتا ھېلىقى ئويۇنچىلارنىڭ كۆرسىتىدىغان ئويۇنىمۇ بىر پۇل بولى-دىكەندە، بىز بايىلا ئۇلارنى يولدا ئۇچراتقان ئىدۇق، ئۇلار بۇ يەرگە سىز ئۈچۈن ئويۇن قويۇپ بەرگىلى كەلمەكچى بولۇۋېتىپتىكەن.

**ھاملېت:** پادىشاھنىڭ رولىنى ئالىدىغان ھېلىقى كىشى مېنىڭ قارشى ئېلىشىمغا مۇيەسسەر بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ تەختى ئالدىدا ئالاھىدە ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

(سىرتتىن سۇناي ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئويۇنچىلار كىرىدۇ)

**هاملېت:** خۇش كېلىپسىلەر، دوستلار، سىلەرنىڭ سالامەت تۇرغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولـدۇم. ئاھ، قەدىناس دوستۇم! سەن بەك ھەيۋەت بولۇپ كېتىپسەن. ئاھ، ياش قىزچىقىم! بۇۋى مەريەمنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم ئىچىمەنكى، پۇتىڭىزدىكى بۇ ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈكىڭىز بىلەن بۇرۇنقىدىنمۇ بەك زىلۋا كۆرۈنۈۋاتىسىز. پەرۋەردىگاردىن تىلەيدىغىنىم شۇكى، ئاۋازىڭىز ھەرگىزمۇ بۇزۇق كانايدەك تۇتۇلۇپ قالـمىغاي! دوستلار، قېنى ئويۇنۇڭلاردىن بىرەر كەلىمە ئوقۇپ بەرمەمسىلەر، ماھارىتىڭلارنى كۆرۈپ باقايلى. ماڭا قارا، قەدىناس دوستۇم، «گۇنزاگونىڭ ئۆلۈمى» نى ئويناشنى بىلەمسەن؟

**ئويۇنچى ئا:** بىلىمەن، جانابلىرى.

**هاملېت:** ئەمىسە ئەتە كەچتە شۇنى ئوينايلى. مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلى، مەن بەلكىم ئون نەچچە مىسرا بىرنىمە يېزىپ ئۇنىڭغا قوشۇۋېتىشىم مۇمكىن، سەن ئۇنى يادلاپ ئۆلگۈرەلەمسەن؟

**ئويۇنچى ئا:** ئۈلگۈرىمەن، جانابلىرى.

**هاملېت:** ناھايىتى ياخشى. ئەمدى ھەممىڭلار بېرىڭلار، ئۇنى مەسخىرە قىلماڭلار. (پولونيۇس ئويۇنچىلارنى باشلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، روسىنكلان بىلەن گىردىستونغا قاراپ) مېنىڭ ياخشى دوستلىرىم، ئەمىسە بۈگۈن كەچتە كۆرۈشەيلى. ئېلسىنورغا كەلگىنىڭلارنى



قارشى ئالىمەن!

**روسىنكران بىلەن گىلدىستون:** خوش ئەمىسە، جانابلىرى. (ئىككىسى چىقىپ كېتىدۇ)

**هاملېت:** مەن نېمىدېگەن كېرەكسىز بىر ئادەم ـ هە! دانىيە پادىشاهى باشقىلار تەرىپىدىن رەزىل ۋاستىلەر ئارقىلىق قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى، تەختى تارتىۋېلىندى، مەن ئۇنىڭ ئوغلى تۇرۇپ، غىڭ قىلالماي يۈرمەكتىمەن. مەن بىر رەزگى ئادەممۇ؟ ئاھ، ئىنتىقام! ئۇنىڭ روھى مېنى ئىنتىقام ئېلىشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. هەي، كاللامنى بىر ئىشقا سېلىپ باقايچۇ! ئاڭلىشىمچە، جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەم ئويۇن كۆرۈۋاتقان چاغدا سەھنىدە ئوينىلىۋاتقان ئويۇننىڭ ئەمەلىيەتكە تولىمۇ يېقىنلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىپ، ۋىجدانى ئازاب چېكىدىكەن ـ دە، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ سالىدىكەن. بۈگۈن كەچتە تاغامغا كۆرسىتىدىغان ئويۇننىڭ ۋەقەلىكىنى ئاتامنىڭ پاجىئەسى بىلەن ئوخشاش قىلاي، ئويۇن ئوينىلىۋاتقاندا، ئۆزۈم بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭ چىرايىنى كۆزىتەي، ئەگەر ئۇ هودۇقۇپ، پەرىشان بولۇپ ئولتۇرالماي قالسا، ئۇ چاغدا نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. مۇشۇ ئويۇن بىلەن پادىشاهنىڭ كۆڭلىدىكى سىرنى ئاچىمەن.

## 7. قەلئەدىكى بىر ئۆي

(پادىشاھ، خانىش، پولونىيۇس، ئوفېلىيە كىرىدۇ)

**پولونىيۇس:** هاملېت جانابلىرى، شاھ ئالىيلىرى بىلەن خانىش ئالىيلىرىنى بۈگۈن كەچتە بىرلىكتە ئويۇن كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

**پادىشاھ:** ناھايىتى ياخشى، مەن ئۇنىڭ قىزىقىشىنى كۆڭۈل ئېچىشقا قاراتقانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال. سۆيۈملۈكۈم گېترۇت، سىز ۋاقتىنچە بۇ يەردىن چىقىپ تۇرغان بولسىڭىز، چۈنكى، هاملېتنى بۇ يەرگە باشلاپ قويۇشقا بىرىنى بۇيرۇغان ئىدۇق، ئۇ ئوفېلىيە بىلەن كۆرۈشۈپ باقسۇن، بۇ خۇددى تاسادىپىي ئۇچرىشىشتەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن مەن بىر يەرگە مۆكۈپ، ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرىمىز. هاملېتنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ ساراڭلىقىغا زادى ئىشق ـ مۇھەببەت سەۋداسى سەۋەب بولغانمۇ — قانداق، بۇنى بىلىپ باقماقچى.

**خانىش:** مەن سىزنىڭ ئىرادىڭىزگە بويسۇنىمەن، ئالىيلىرى! ئوفېلىيە، سېنىڭ گۈزەل رۇخسارىڭ تۈپەيلىدىن هاملېت ئېلىشىپ قالغان بولۇپ چىققاي، سېنىڭ گۈزەل پەزىلىتىڭ ئۇنىڭ ئەقلى ـ ھوشىنىڭ ئەسلىگە

كېلىشىگە تۇرتكە بولغاي ئىلاھىم!

**ئوفېلىيە:** ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، خانىش ئايىم.
(خانىش چىقىپ كېتىدۇ)

**پولونىيۇس:** ئوفېلىيە، سەن كىتابنى ئوقۇغان بو-
لۇپ تۇرغىن، ئۇ سېنىڭ بۇنداق بىرىلىپ كىتاب ئو-
قۇۋاتقانلىقىڭنى كۆرسە، بۇ يەردە يالغۇز يۈرگەنلىكىڭ-
دىن گۇمانلانمايدۇ. ئالىيلىرى، بىز يوشۇرۇنۇۋالايلى.
(پادىشاھ بىلەن پولونىيۇس كىرىپ كېتىدۇ، ھاملېت
چىقىدۇ)

**ھاملېت:** ھايات ياشاش ياكى ھالاك بولۇش ئويلى-
نىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش
كېرەكمۇ ياكى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ كۈرەش قىلىش
كېرەكمۇ؟ بۇ ئىككىسىدىن قايسىسى ئالىيجانابلىقىقا
ئىگە؟ ئۆلدۇق، ئۇخلىدۇق، مۇشۇ ئۇيقۇ بىلەن تەڭ يۈ-
رىكىمىزدىكى قايغۇ ـ ئەلەملەر ۋە باشقا مۇقەررەر كې-
لىۋاتقان سوققا ـ زەربىلەر بىر يولىلا تۈگەپ كەتسە ئى-
دى، ئۇ چاغدا مۇرادىمىز ھاسىل بولغان بولاتتى. كىم بۇ
كىشىلىك دۇنيادىكى رەنج ـ رىيازەت، تەنە ـ مالامەتلەرگە،
ئەزگۈچىلەرنىڭ خورلۇق ـ ھاقارەتلىرىگە چىداپ يۈرۈشكە
ھېرىس زادى؟ كىبىر ئىگىلىرىنىڭ سوغۇق قاراشلى-
رىغا، قانۇن ـ پەرمانلارنىڭ بوشاڭلىقىغا، تۆرە ـ ئەمەل-
دارلارنىڭ زوراۋانلىقىغا، چۈپرەندىلەرنىڭ ئارىلىقا سو-
غۇقچىلىق سېلىشى ھەمدە رەت قىلىنغان مۇھەببەتنىڭ

ئازابلىرىغا كىمنىڭ چىداپ ئۆتۈۋەرگۈسى بار؟ كىم ھا-
ياتلىقنىڭ شۇنچە ئېغىر يۈكى ئاستىدا ئىڭراپ قارا
تەرگە چۆمۈپ، خىلمۇخىل جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداپ
يۈرۈۋېرىشكە خۇشتار؟ دەل ئۆلگەندىن كېيىن بارسا
كەلمەس يەرگە كېتىشتىن قورقۇپ خىلمۇخىل تەش-
ۋىشلەردە بولغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن، بىز پۈتۈنلەي رىز-
گىلەرگە ئايلىنىپ قېلىپ، كۆز ئالدىمىزدىكى ئازاب-
ئوقۇبەتكە نىسبەتەن ئەلۋەككىلىلا دەپ بېشىمىزنى
ئېچىمىزگە تىقىپ يۈرۈۋاتىمىز، ئاشۇ نامەلۇم رىيازەتلەر
قوينىغا ئۇچۇپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىمىز. ئا-
شۇنداق تەشۋىشلەر تۈپەيلىدىن ئۇلۇغۋار ئىشلاردا ئىرا-
دىمىزنى يوقاتتۇق، ھەرىكەتلىنەلمىگۈچ كۈچىمىزدىن
مەھرۇم قالدۇق، توختاڭ! گۈزەل ئوفېلىيە! — پەرىشتەم،
ئىبادىتىڭىزدە گۇناھلىرىمغا مەغپىرەت تىلەشنى ئۇن-
تۇمىغايسىز!

ئوفېلىيە: جانابىم، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان مۇبارەك تېنىڭىز ياخشىمۇ؟

ھاملېت: ناھايىتى ياخشى، رەھمەت سىزگە.

ئوفېلىيە: جانابلىرى، سىز ماڭا سوۋغا قىلغان بىرنەچچە نەرسە بار ئىدى، ئۇزۇن بولدى، شۇنى قايتۇ-رۇپ بېرەي دېگەن، مۇمكىن بولسا ھازىر ئېلىۋالسىڭىز.

ھاملېت: ياق ئالمايمەن، مەن ئەزەلدىن سىزگە ھېچنېمە بەرمىگەن.

**ئوفېلىيە:** جانابلىرى، سىز ماڭا بەرگەن، بۇ ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، تېخى سىز شۇ ۋاقىتتا ناھايىتى نۇرغۇن شېرىن گەپلەرنى قىلىپ، ئۇ نەرسىلەرنى تېخىمۇ ئەتىۋارلىق قىلىۋەتكەن ئىدىڭىز، ئەمدى ئۇ نەرسىلەرنىڭ پەيزى ئۇچتى. مەرھەمەت قىلىپ ئېلىۋېلىڭ، چۈنكى، ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ نەزەرىدە سوۋغات بەرگۈچى ئاينىغان ئىكەن، سوۋغات قانچىلىك قىممەتلىك بولسىمۇ بەرىبىر قىممىتىنى يوقىتىدۇ. ئېلىۋېلىڭ، جانابلىرى.

**ھاملېت:** ھا ـ ھا! سىز پاكمۇ؟ سىز گۈزەلمۇ؟

**ئوفېلىيە:** جانابلىرى، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

**ھاملېت:** ناۋادا سىز ھەم پاك، ھەم گۈزەل بولسىڭىز، ئۇنداقتا پاكلىقىڭىز چوقۇم گۈزەللىكىڭىزدىن ئالاقىنى ئۈزۈشى كېرەك.

**ئوفېلىيە:** جانابلىرى، گۈزەللىكنىڭ پاكلىقتىنمۇ ئېسىل ھەمراھى بولامدۇ؟

**ھاملېت:** ھە، دۇرۇس، گۈزەللىك پاكلىقنى شاللاقلىققا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ، ئەمما پاكلىق گۈزەللىككە تەسىر كۆرسىتەلمەسلىكى ناتايىن. بۇ سۆز بۇرۇن سەپسەتىدەك بىلىنەتتى، لېكىن ئۇنىڭ راستلىقى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى. دەرھەقىقەت، مەن بۇرۇن سىزنى ياخشى كۆرگەن.

**ئوفېلىيە:** بۇنىسى راست، جانابلىرى، مېنى ياخشى

كۆرىدىن ئانلىقىڭىزغا سىز مېنى بۇرۇن ئىشەندۇرگەن.

**هاملېت:** شۇ چاغدا سىز ماڭا ئىشەنمىسىڭىزمۇ بوپتىكەن. چۈنكى، گۈزەل پەزىلەت بىزنىڭ گۇناھكار تەبىئىتىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. مەن سىزنى ياخشى كۆرمىگەن.

**ئوفېلىيە:** ئۇنداقتا، مەن راست ئالدىنىپتىمەن ـ دە.

**هاملېت:** موناخلار ماكانىغا كېتىڭ. نېمىشقا گۇناھكار بەندىلەرنى تۇغماقچىسىز؟ مەن ھازىرچە ئۇ- چىغا چىققان بۇزۇقلاردىن ئەمەسمەن، شۇنداقتىمۇ مې- نىڭ نۇرغۇن سەۋەنلىكلىرىم بار، مەن شۇ قەدەر تەكەب- بۇر، قىساسكار، قارا نىيەت، گۇناھلىرىم شۇ قەدەر كۆپكى، ھەتتا ئۇ گۇناھلىرىمنى كاللامدىن بىر ـ بىر- لەپ ئۆتكۈزۈپ بولالمايمەن. بىز ھەممىمىز ئۇچىغا چىققان بۇزۇقلار، بىزگە ھېچكىم ئىشەنمەسلىكى كې- رەك. موناخلار ماكانىغا كېتىڭ. دادىڭىز قېنى؟

**ئوفېلىيە:** ئۆيدە، جانابلىرى.

**هاملېت:** ئۇنى سولاپ قويۇش كېرەك. ئۇ ساراڭ- لىقىنى ئۆيدە قىلسۇن. خوش ئەمسە!

**ئوفېلىيە:** ۋاي خۇدايىم! ئۇنى قۇتقۇلدۇرغايسەن!

**هاملېت:** ئەگەر سىز چوقۇم ياتلىق بولماقچى بولسىڭىز، مەن ساپ مال ئورنىدا سىزگە قارغىش سوۋغات قىلىمەن. سىز مۇزدەك بىغۇبار، قاردەك پاك

بولىسىڭىزمۇ، بەرىبىر كىشىلەرنىڭ تۆھمىتىدىن قې-چىپ قۇتۇلالمايسىز. ئەگەر سىز چوقۇم ياتلىق بولماق-چى بولسىڭىز، بىر كالۋاغا تېگىڭ. چۈنكى، ئەقىللىق ئادەملەر ئۆزلىرىنى سىلەرنىڭ قانداق غەلىتە مەخلۇققا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ. موناخلار ماكا-نىغا كېتىڭ. قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. خوش ئەمىسە!

**ئوفېلىيە:** ئاھ، ئاسماندىكى ئىلاھلار، ئۇنىڭغا ئەس ـ ھوش ئاتا قىلىڭلار!

**ھاملېت:** مەن سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنى قانداق پەر-دازلايدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. خۇدا سىلەرگە بىر قى-ياپەت ئاتا قىلغان، لېكىن سىلەر ئۆزۈڭلارغا يەنە بىر قىياپەت يارىتىۋېلىپ، ئەركە ـ نايناقلىق قىلىپ يۈرۈي-سىلەر. مەن دەپ قوياي، بىز بۇنىڭدىن كېيىن توي ـ پوي دېگەن ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز. توي قىلىۋال-غانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىدىن باشقىسى مەيلى ياشاۋەرسۇن. توي قىلمىغانلارنىڭ توي قىلىشىغا ھەرگىز رۇخسەت يوق. موناخلار ماكانىغا كېتىڭ، كې-تىڭ! (كىرىپ كېتىدۇ)

**ئوفېلىيە:** ئاھ، ئۇ نەقەدەر ئېسىل قەلب ئىگىسى ئىدى ـ ھە! مۇشۇنداق تۈگەپ كېتەرمۇ، ئوردا ئەھلىنىڭ كۆزى، بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تىلى، ئەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئۆتكۈر شەمشىرى، مەملىكەتنىڭ گۈلى، زاماننىڭ ئەينىكى،

كىشىلىك ئەخلاقىنىڭ ئۆرنىكى ۋە جىمى كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزى بولغان بۇ زات مۇشۇنداق تۇگەپ كېتەرمۇ؟! ئايال جىنسىنىڭ ئىچىدە مەندىنمۇ ئۆتەر بەختسىز، شۇم پېشانە بارمىدۇ؟ مەن ئۇنىڭ يېقىملىق سۆزلەر بىلەن ماڭا بەرگەن قەسەملىرىدىن شۇ چاغدا گۈل ھىدىدىن مەست بولغاندەك ھۇزۇرلانغان ئەمەسمىدىم، ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇ كۆز ئالدىمدا خۇددى كۈمۈش قوڭغۇراق ئۆزىنىڭ يېقىملىق ساداسىنى يوقاتقاندەك، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئەقلى ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. ئاھ، مەن نېمىدېگەن شور پېشانە! (پادىشاھ بىلەن پولونيۇس كىرىدۇ)

**پادىشاھ:** مۇھەببەت! ياق، ئۇنىڭدىكى سەۋدايىلىق مۇھەببەت تۇپەيلى ئەمەستەك قىلىدۇ. گەپلىرى تاقىقا ـ تۇقىقا بولغىنى بىلەن، ساراڭدەك ئەمەس. ئۇنىڭ يۈرىكى قېتىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بىر سىرى بار، شۇ تۇپەيلىدىن بىر بالا تېرىپ قويارمىكىن دەپ قورقىمەن. ئالىمادىس بولۇپ قالىدىغان بىرەر كۆڭۈلسىزلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇنداق بىر قارارغا كېلىۋاتىمەن: ئۇ دەرھال ئەنگلىيىگە بارسۇن، چەت مەملىكەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن مۇھىت ئالمىشىپ، روھىي ھالىتى ئۆزگىرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

**پولونيۇس:** شۇنداق قىلساقمۇ ياخشى بولىدۇ. لېكىن مەن يەنىلا ئۇنى ئىشق سەۋداسى مۇشۇ ھالەتكە

كەلتۈرۈپ قويغان دەپ قارايمەن. ئوفېلىيە، ھاملېت جانابلىرىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى دەپ بەرمىسەڭمۇ بو-لىدۇ، بىز ھەممىنى ئاڭلىدۇق. ئالىيلىرى، سىلىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە قىلايلى. ئەگەر ماقۇل كۆرسىلە، ئويۇندىن كېيىن ئۇنى ئانىسى خانىش ئايىم بىلەن خا-لىي قالدۇرۇپ كۆرۈپ باقساق، خانىش ئۇنىڭ كۆڭلىدى-كىنى بىلىپ باقسا. مەن دالدىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىل-لىشقان گەپ ـ سۆزلىرىنى تىڭشاپ باقاي. شۇنىڭدىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگىلى بولمىسا، ئۇنى ئەنگلى-يىگە يولغا سېلىۋېتەرلا، ياكى پەسەنتلىرىگە ماقۇل كەلسە، ئۇنى مۇۋاپىق بىر جايغا نەزەربەند قىلىپ قو-يارلا.

**پادىشاھ:** شۇنداق بولسۇن. كاتتا ئەربابلارنىڭ ئەق-لىدىن ئېزىشىغا بوپتۇ دەپ قاراپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ.

## 8. قەلئەدىكى زال

(ھاملېت ۋە بىرنەچچە ئويۇنچى كىرىدۇ)

**ھاملېت:** سەھنىدە بۇ سۆزنى ئوقۇغان چاغدا، بايا مەن ئوقۇپ بەرگەنگە ئوخشاش، لەرزان ئاۋازدا ئۇرغۇلۇق قىلىپ ئوقۇ. ئەگەر لەرزان ئوقۇيالمىساڭ، بۇنى مەن جاكارچىغا ئوقۇتىمەن. ھە دېسە قولۇڭنى مۇنداق پۇلاڭ-لىتىۋەرمە، ھەرقانداق ھەرىكىتىڭ سىلىق بولسۇن. ھېسسىياتىڭ تاشقىنىدەك تېشىپ كېتىۋاتسىمۇ، ئۆزۈڭ-نى تۇتۇۋېلىشىڭ، زىيادە قىزىپ كەتمەسلىكىڭ كېرەك.

**ئويۇنچى ئا:** مەن دىققەت قىلاي، جانابلىرى.

**ھاملېت:** لېكىن بەك يۇۋاش بولۇپ قالسىمۇ بول-مايدۇ. ئۆزۈڭ ھەرىكەت بىلەن سۆزنى ئۆزئارا بىرلەشتۈ-رۈشۈڭ كېرەك. ھەرقانداق چەكتىن ئاشقان ئىپادە ئو-يۇندىكى ئەسلىي مۇددىئاغا زىت. درامىنىڭ تۈپ مەق-سىتى تەبىئىيلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى نامايان قىلىش. بارغىن، تەييارلىقىڭنى قىل. (ئويۇنچىلار چۈشۈپ كې-تىدۇ) ھوي! گوراتسىئو!

**گوراتسىئو:** مانا مەن، جانابلىرى.



**هاملېت:** گوراتسىئو، سەن مەن ئارىلىشىۋاتقانلار ئىچىدىكى ئەڭ دۇرۇس كىشى. ياق، مېنى خۇشامەت قىلىۋاتامدىكىن دەپ قالما، سېنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكۈڭ-دىن باشقا ھېچنېمەڭ يوق. ئاڭلاپ تۇر، سېنى مېنىڭ روھىم تاللىۋالدى، بۈگۈن كەچتە بىز پادىشاھقا ئويۇن كۆرسەتمەكچى، بۇ ئويۇننىڭ مەلۇم بىر پەردىسىدە ئا-تامنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ئوخشايدىغان بىر ۋەقە بار. ئو-يۇننىڭ شۇ يېرى ئوينىلىۋاتقاندا، سەن پۈتۈن دىققىتىڭ بىلەن تاغامنى كۆزىتىپ تۇرغىن. ئەگەر ئۇ ئويۇننىڭ تېكىستىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىسا، ئۇ چاغدا بىز كۆرگەن ھېلىقى ئەرۋاھ چوقۇم ئالۋاستى. مەنمۇ ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزمەيمەن. كېيىن ئىككىمىز ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرى-مىز.

**گوراتسىئو:** جانابلىرى، ئويۇن جەريانىدا، ئۇنىڭ چىراي ـ قىياپەت، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىكى بىرەر ئۆز-گىرىشنى نەزەرىمدىن چەتتە قالدۇرۇپ قويىدىغان بول-سام، شۇ چاغدا نېمە دېسىڭىز دەڭ.

**هاملېت:** ئەنە، ئۇلار ئويۇن كۆرگىلى كېلىشتى. مەن ساراڭ قىياپەتكە كىرىۋالاي، سەن بىر يەرنى تېپىپ ئولتۇر. (دانىيە مارشى ساداسى ئىچىدە پادىشاھ، خانىش، پولونىيۇس، ئوفېلىيە، روسىنكران، گىردىستون قاتارلىقلار كىرىدۇ)

**پادىشاھ:** ياخشى تۇرۇۋاتامسەن، جىيەنىم ھاملېت.

**ھاملېت:** ناھايىتى ياخشى، خامېلېئوندەك ھايات كەچۈرۈپ يۈرۈپتىمەن، يەيدىغىنىم ھاۋا، قورسىقىم شېرىن - شېكەر سۆزلەر بىلەن تويۇۋاتىدۇ.

**پادىشاھ:** غەلىتىلا گەپ قىلىسەنغۇ، ھاملېت، مەن بۇنداق گەپلەرنى سورىمىغان.

**ھاملېت:** ياق، ھازىرمۇ مېنىڭ ئۇنداق گەپلەرنى قىلىش نىيىتىم يوق. ئويۇنچىلار تەييار بوپتىمۇ؟

**روسىنكران:** تەييار بوپتۇ، جانابلىرى، سىزنىڭ پەرمانىڭىزغا قاراشلىق.

**خانىش:** مەيەرگە كەل، ھاملېت بالام، قېشىمدا ئولتۇر.

**ھاملېت:** ياق، جېنىم ئانا، بۇ يەردە مېنى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدىغان نەرسە بار. (ئوفېلىيەگە قاراپ) خېنىم، قوينىڭىزدا ياتسام بولامدۇ؟

**ئوفېلىيە:** بولمايدۇ، جانابلىرى.

**ھاملېت:** مەن تىزىڭىزغا بېشىمنى قويۇپ ئولتۇرسام قانداق دەۋاتىمەن؟

**ئوفېلىيە:** ھىم، جانابلىرى.

**ھاملېت:** ئاھ خۇدا! ئادەم دېگەن سۆزلەپ، كۈلۈپ يۈرسە نېمە بوپتۇ؟ قاراڭ، ئانام نەقەدەر خۇشال، ئاتام ئۆلگەنگە تېخى ئىككى سائەت بولمىدى.

**ئوفېلىيە:** ياق، تۆت ئاي بولدى، جانابلىرى.



**هاملېت:** شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت بولدىما؟ خۇدايىم! تۆت ئاي بوپتۇ، بىز تېخى ئۇنى ئۇنتۇمىدۇقمۇ؟ (يەللىك چالغۇ ساداسى ئىچىدە ئاۋازسىز تىياتىر باشلىنىدۇ. بى-رى پادىشاھ، بىرى خانىش رولىنى ئېلىپ ئىككى ئو-يۇنچى چىقىدۇ، ئۆزئارا قىزغىن ھالدا قۇچاقلىشىدۇ، خانىش يەرگە پۈكۈلۈپ پادىشاھقا قەسەم بېرىدۇ، پادىشاھ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزىدۇ، پادىشاھ چىمەنلىكتە ئۇخلاپ قا-لىدۇ، خانىش ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئال-دىراپ چىقىپ كېتىدۇ. ئاندىن يەنە بىر ئويۇنچى كىرىپ پادىشاھنىڭ بېشىدىكى تاجنى ئېلىپ سۆيىدۇ، ئاندىن پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا زەھەرلىك سۇنى قۇيۇۋېتىپ، ئۆزى چىقىپ كېتىدۇ. خانىش كىرىدۇ، پادىشاھنىڭ ئۆلگەن-لىكىنى كۆرۈپ ھازا ئاچىدۇ، زەھەرلەپ ئۆلتۈرگۈچى ئىككى ـ ئۈچەيلەننى باشلاپ كىرىپ خانىشقا ھازا ئې-چىشىپ بەرگەندەك بىر ئىشلارنى قىلىدۇ، زەھەرلەپ ئۆلتۈرگۈچى خانىشقا سوۋغاتلارنى بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە تېگىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. خانىش دەسلەپ خالىمىغاندەك قىلىدۇ، كېيىن ماقۇلغا كېلىدۇ)

**ئوفېلىيە:** بۇنىڭدىن نېمە مەنە چىقىدۇ، جانابلى-رى؟

**هاملېت:** بۇنىڭدىن سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر، يامان ئىشلارنى قىلىش مەنىسى چىقىدۇ.

**پادىشاھ:** قانداق تىياتىر بۇ؟ ۋاي دەپ كەتكۈدەك

ھېچنېمىسى يوق ئىكەنغۇ؟

**ھاملېت:** ياق، ئۇلار ئۇنى يالغاندىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشتى، راست، ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق.

**پادىشاھ:** بۇ ئويۇننىڭ ئىسمى نېمىكەن؟

**ھاملېت:** «چاشقاننى پەم بىلەن تۇتۇش». بۇ سىمۋوللۇق ئىسىم. بۇ ئويۇندا ۋېنادىكى بىر يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىگە دارىتما قىلىنغان. گونزاگو دېگىنى گېرتسوگنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى بېپ-تىستان. ئاخىرغىچە كۆرسىڭىز نېمە ئىشلىقىنى بى-لىسىز. بۇ ئويۇننىڭ ئالىيلىرى ۋە بىزدەك روھىغا كىر قونمىغان ئادەملەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئەيىبى بار ئاتلار چىچاڭشىپ تۈگۈلۈۋالسۇن. (سۇسەننا رولىدىكى ئويۇنچى چىقىدۇ)

**ھاملېت:** ئۇنىڭ ئىسمى سۇسەننا، پادىشاھنىڭ جىيەنى. سۇسەننا شېئىر ئوقۇيدۇ:

شۇم نىيەتلەر شۇملۇقىنى قىلار ھامان،
كەلسە پۇرسەت، كۆرمىسىلا بىرەر ئىنسان.
چۆپنى ئېزىپ تەييار قىلغىن زەھىرىڭنى،
ئۈچ رەت ھۇرگىن ئوقۇپ ئاڭا ئەپسۇنىڭنى.
بولسۇن جارى زەھىرىڭنىڭ سېھىرىي كۈچى،
يىتسۇن تېزرەك بۇ جاھاندىن ئۇنىڭ جېنى.
(زەھەرلىك سۇيۇقلۇقنى ئۇخلاپ ياتقان كىشىنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇۋېتىدۇ)

**هاملېت:** مانا ئۇ ھوقۇق ۋەسۋەسىسى بىلەن گۈن-زاگونى باغدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمدى ئۇ قاتىلنىڭ قانداق قىلىپ گۈنزاگونىڭ خوتۇنىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىش-كەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

(شاھ بۇنى ئاڭلاپ، ئويۇن تۈگىمەي تۇرۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ)

**خانىش:** ئالىيلىرى، نېمە بولۇۋاتىسىز؟

**پولونىيۇس:** ئويۇننى توختىتىڭلار!

**پادىشاھ:** مەشئەل كەلتۈرۈلسۇن! تېز!

**هاملېت:** توۋا، گوراتسىئو! ھېلىقى ئەرۋاھ مېنى ئالدىماپتىكەن جۇمۇ. كۆرگەنسەن؟

**گوراتسىئو:** كۆردۈم، جانابلىرى.

**هاملېت:** دەل ھېلىقى زەھەرلىك دورىنىڭ گېپى چىققاندا بولدى ـ ھە؟

**گوراتسىئو:** مەنمۇ ئېنىق كۆردۈم.

**هاملېت:** ئاھاي! قېنى، نەغمىنى باشلاڭلار! ھېلى-قى نەيچى قېنى؟ پادىشاھ بۇ ئويۇننى ياقتۇرمىسا، ئۇ سەنئەتتىن زوقلىنىشنى بىلمىسە كېرەك. قېنى نەغ-مىنى باشلاڭلار!

(روسىنكران بىلەن گىردىستون كىرىدۇ)

**روسىنكران:** جانابلىرى، ئانىڭىز سىزنىڭ قىلىق-لىرىڭىزدىن تولىمۇ ھەيران قالدىم دەۋاتىدۇ.

**هاملېت:** ھە... ئوبدان بالىمۇ ئانىنى ھەيران

قالدۇرىدىغان ئىش قىلامدۇ! بىراق، شۇ ئانىنىڭ ھەيران قېلىشىنىڭ تېگىدە نېمە گەپ باردۇ؟

**روسىنكران:** ئۇ سىزنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ھۇجرامغا كىرسۇن، گېپىم بار دەيدۇ.

**ھاملېت:** ئۇ ماڭا ئون قېتىم ئانا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا سۆزسىز بويسۇنىمەن. (پولونيۇس چىقىدۇ)

**پولونيۇس:** جانابلىرى، خانىش ئايىم سىزنى دەرھال قېشىمغا كىرسۇن دەيدۇ.

**ھاملېت:** سىز ئاۋۇ تۆگىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇلۇتنى كۆرۈۋاتامسىز؟

**پولونيۇس:** ۋاي، راستتىنلا تۆگىگە ئوخشايدىكەن.

**ھاملېت:** مېنىڭچە، ئۇ بۇلۇت يەنىلا قارىغۇچاشقانغا ئوخشايدىغاندەك تۇرىدۇ جۇمۇ.

**پولونيۇس:** ئاۋۇ ئېگىلىپ تۇرۇشلىرى قارىغۇچاشقانىنىڭ ئۆزى.

**ھاملېت:** ئەمىسە مەن بىردەم تۇرۇپ ئانامنىڭ قېشىغا كىرەي، بىردەم تۇرۇپلا كىرەي!

**پولونيۇس:** ئەمىسە مەن بېرىپ خانىشقا شۇنداق دەپ قوياي. (چىقىپ كېتىدۇ)

**ھاملېت:** مەندىن نېرى تۇرۇڭلار، دوستلىرىم. ھازىر كېچىنىڭ ئەڭ سىرلىق ۋاقتى، ئەرۋاھلارمۇ مۇشۇ

تاپتا قەبرىلىرىدىن چىقىشىدۇ، دوزاخمۇ ئىنسانىيەت ئا-
لىمىگە دۆت تارقىتىدۇ. شۇ تاپتا مېنىڭ ئىسسىق قان
ئىچكۈم، كۈندۈزدە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بىر
ۋەھشىيلىكنى قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، لېكىن سەل تەخىر
قىلاي، ئانامنىڭ قېشىغا كىرىدىغان ئىشىم بار، خەن-
جەردەك ئۆتكۈر تىلىم بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى شىكەستە
قىلىمەن، لېكىن ئۇنىڭ بىر تال مويىغىمۇ زىيان يەت-
كۈزۈشۈمگە بولمايدۇ، ئۇنى سۆز بىلەن ھەرقانچە ئەيىب-
لىسەممۇ، ھەرىكەت جەھەتتە خەقنىڭ ئەيىبلىشىگە
ئۇچرايدىغان ئىشنى قىلمايمەن.

## 9. ئوردا ئىچىدىكى بىر ئۆي

(پادشاھ، روسىنكران ۋە كىردىستونلار كىرىدۇ)

**پادىشاھ:** ئۇنىڭ ساراڭلىقىغا يول قويۇۋەرسەك، بېشىمىغا بالا بولىدىغان ئوخشايدۇ. مەن ھازىرلا بىرسىنى مەكتۇپنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇيمەن ھەمدە ھاملېتنى ئەنگلىيىگە سىلەر بىلەن بىللە يولغا سالىمەن، ئۇنىڭ غالجىرلىقى، ساراڭلىقى ھەر ۋاقىت مېنىڭ بىخەتەرلىكىمگە خەۋپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن، ئۇنى قېشىمدىن نېرى قىلمىسام بولمىدى.

**كىردىستون:** بىز ھازىرلا تەييارلىق قىلايلى، سىلى ئامان، ئەل ئامان، بۇ ئەندىشىلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق.

**پادىشاھ:** تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ دەرھال يولغا چىقىڭلار. كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ بالا ـ قازانى بالدۇرراق كۆزدىن يىراق قىلايلى. (روسىنكران بىلەن كىردىستون چىقىپ كېتىدۇ، پولونيۇس كىرىدۇ)

**پولونيۇس:** ئالىيلىرى، ھاملېت جانابلىرى ئانىسىنىڭ ھۇجرىسىغا ماڭدى. مەن ھازىرلا بىر دالدىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ باقاي. ئانا ئوغلىنىڭ تەرىپىنى ئالماي قويمايدۇ، شۇڭا ئۇچىنچى بىر ئادەمنىڭ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باققىنى

تۇزۇك. خوش ئەمسە، ئالىيلىرى.

**پادىشاھ:** ئاھ، گۇناھلىرىمنىڭ ئاچچىق دۇتى پەلەككە يەتتى. ئۆز ئاكامنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ لەنەتكەردى قولۇم ئاكامنىڭ قېنى بىلەن بويالدى. مەن سەۋەنلىك ئۆتكۈزدۇم. لېكىن قايسى سۆز بىلەن گۇناھىمنى تىلىشىم كېرەك؟ «پەرۋەردىگار، قاتىللىق گۇناھىمنى كەچۈرگەيسەن» دېيىشىم كېرەكمۇ؟ ياق، بولمايدۇ، مېنىڭ تاج ـ تەختىم، خانىشىم مېنىڭ ئىلكىمدە تۇرۇپتۇ، گۇناھىمنى تىلىسەممۇ مەغپىرەت بولمايدۇ. ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ ياخشىراق ئامال نەدە؟ توۋا—ئىستىغپارنىڭ قۇدرىتىگە مۇراجىئەت قىلىپ باقاي. لېكىن توۋا قىلمايدىغان ئادەم ئۈچۈن ئۇنداق قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟ ئاھ، بەتبەخت قىسمەت! ئاھ، ئەجەل زۇلمىتىگە ئوخشايدىغان قارا يۈرەك! قانچە تېپىرلىسىمۇ رەزىللىك چۈشكىدىن بوشىنالمىغان روھ! مېنى قۇتقۇزۇڭلار، پەرىشتىلەر! دىشۋارچىلىقنى ئاسايىشلىققا ئۆزگەرتكەيسەن! (كەينىگە چېكىنىپ ئىبادەتكە ئولتۇرىدۇ، ھاملېت چىقىپ، پادىشاھنىڭ كەينىگە كېلىپ تۇرىدۇ)

**ھاملېت:** ئۇ ئىبادەت قىلىۋېتىپتۇ، تازا قول سالىدىغان پۇرسەت ئىكەن. ھازىرلا ئۇنى جەھەننەمگە يولغا سېلىۋەتسەم، قىساسىمنى ئالغان بولمامدىمەن. ياق، ئوبدانراق ئويلىنىپ باقاي، بۇ ئەبلەخ ئاتامنى ئۆلتۈرسە،

مەن ئۇ ئەبلەخنى جەننەتكە يولغا سېلىپ قويامدىم؟ هازىر ئۇ گۇناھىنى تىلەۋېتىپتۇ، هازىر جېنىنى ئالسام، ئۇدۇللا جەننەتكە كەتسە، بۇمۇ قىساس ئالغانلىق بولامدۇ؟ ياق، قولۇمنى تارتاي، شەپقەتسىز هالدا قىساس ئالىدىغان بىر پۇرسەت كېلىدۇ. ئۇنى غەرق مەست بولۇپ، ئەقلى كېسىلىپ تۇرغان چاغدا ياكى ئىپلاس ئەيش ـ ئىشرەت قۇچىقىدا ياتقان چېغىدا ۋە ياكى باشقا ئىپلاسلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چېغىدا، ئاياغ ئاستىمغا يىقىتىپ، روهىنى مەڭگۈ دوزاختىن چىقماس قىلىۋېتىمەن. ئانام مېنى ساقلاپ قالدى. (كىرىپ كېتىدۇ)

(پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا كېلىدۇ)

**پادىشاھ:** خىتابىم ئاسمان ـ پەلەك پەرۋاز قىلىدۇ، لې-كىن هېس ـ تۇيغۇم زېمىندا قېتىپ قالغان، هېس ـ تۇيغۇسى يوق خىتاب مەڭگۈ پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بارالمايدۇ.

## 10. خانىشنىڭ قەسرى

(خانىش بىلەن پولونيۇس كىرىدۇ)

**پولونيۇس:** ئۇ هازىر كېلىدىغان بولدى. مەن يو-شۇرۇنۇپ تۇراي، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا ئاۋازىڭىزنى يۇقىرىراق قىلارلا.

(پولونيۇس پەردە كەينىگە مۆكىدۇ، هاملېت كىرى-دۇ)

**هاملېت:** ئانا، مېنى نېمىگە چاقىرتقان ئىدىڭىز؟

**خانىش:** هاملېت، سەن ئاتاڭنىڭ ئالدىدا چوڭ گۇناھ قىلدىڭ.

**هاملېت:** ئانا، سىز ئاتامنىڭ ئالدىدا چوڭ گۇناھ قىلدىڭىز.

**خانىش:** بېرى كەل، بېرى كەل، ماڭا بۇنداق قا-لايمىقان گەپلەر بىلەن جاۋاب بەرمە.

**هاملېت:** نېرى تۇرۇڭ، نېرى تۇرۇڭ، مەندىن بۇنداق قالايمىقان گەپلەر بىلەن سوئال سورىماڭ.

**خانىش:** مېنىڭ كىملىكىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟

**هاملېت:** ياق، كرېست ھەققىدە قەسەم ئىچىمەن-كى، سىزنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، سىز خانىش، سىز ئېرىڭىزنىڭ ئىنىسىنىڭ خوتۇنى، سىز ھەم مېنىڭ

ئانام... ئۇنداق بولمىغاي ئىلاھىم!

**خانىش:** ۋاي تەڭرىم، ئەمىسە مەن سەن بىلەن گەپ قىلىشالايدىغانلارنى چاقىرىپ قويسام بولغۇدەك.

**ھاملېت:** كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، قىمىرلىماڭ. ئالدى-ڭىزغا بىر ئەينەك ئەكېلەي، روھىي دۇنيايىڭىزنى كۆ-رۈپ بېقىڭ.

**خانىش:** نېمە قىلماقچىسەن، مېنى ئۆلتۈرمەكچى-مۇ؟ قۇتقۇزۇڭلار! مېنى قۇتقۇزۇڭلار!

**پولونىيۇس:** (پەردە كەينىدە) ۋاي! قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار!

**ھاملېت:** (قىلىچىنى چىقىرىپ) نېمە؟ قايسى ئوغرى چاشقان بۇ؟! جېنىدىن تويغان بىرنېمە ئوخشايدۇ، مەن ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپ قوياي. (قىلىچىنى پەردىگە سانجىيدۇ، پولونىيۇس نەق مەيداندا ئۆلىدۇ)

**خانىش:** ۋاي تەڭرىم! سەن نېمە ئىش قىلىپ قويدۇڭ بالام؟!

**ھاملېت:** ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئۇ شاھ ئەمەسما؟

**خانىش:** داد، بۇ نېمىدېگەن قارا يۈرەكلىك!؟

**ھاملېت:** قارا يۈرەكلىك؟ جېنىم ئانا، بۇ خۇددى پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىنىسىگە تېگىۋالغانغا ئوخشاش يامان ئىش.

**خانىش:** پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ؟

**ھاملېت:** (پەردىنى قايرىپ پولونىيۇسنى كۆرىدۇ)

ھۆ... شور پېشانە، چېپىلغاق ئەخمەق، خەير ـ خوش! مەن تېخى سېنى ئۇستۇڭدىكى كىشىمىكىن دەپتىمەن. يوقىلاڭ ئىشلارغا چېپىلىپ يۈرۈشىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلگەنسەن.

**خانىش:** ماڭا قىلچە تەپتارتماستىن شۇنچە ئىزا ـ ئاھانەت قىلغۇدەك نېمە گۇناھ قىلدىم؟

**ھاملېت:** گۇناھىڭىز شۇكى، سىز پاكلىقنىڭ يۈزىگە قارا سۈركىدىڭىز، گۈزەل پەزىلەتنى ساختىپەز- لىكنىڭ دېڭىزىغا غەرق قىلىۋەتتىڭىز.

**خانىش:** ۋاي، ئادەمنى شۇنچە ئۈركۈتكۈدەك قايسى گۇناھتۇ ئۇ، ئېنىق دەپ باققىنا؟

**ھاملېت:** بۇ رەسىمگە قاراڭ، بۇنىڭغىمۇ قاراڭ، بۇ ئىككى قېرىنداشنىڭ رەسىمى. بۇنىڭدىكىسى نەقەدەر سۈمباتلىق زات — ھە؟ ئاسمان ئىلاھىنىڭكىدەك ماڭلاي- لىرى، جەڭ ئىلاھىنىڭكىدەك كۆزلىرى، كېلىشكەن بوي ـ بەستى كىشىلەرگە ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەركەك ئى- كەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، بۇ سىزنىڭ بۇرۇنقى ئېرىڭىز. ئەمدى بۇنىڭغا قاراڭ، بۇ سىزنىڭ ھازىرقى ئېرىڭىز، ئۇ خۇددى مىتە چۈشكەن پوچەك داننىڭ ئۆزى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈل ئاكىسىغا زىيانكەشلىك قىلغان. سىزنىڭ كۆزىڭىز بارمۇ زادى؟ چۈنكى بۇ يېشىڭىزدا كۆڭۈل ئوتتەك يېنىپ تۇرالمايدۇ، پەقەت ئەقىلنىڭ ھۆكۈمىگە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرسىز. شۇ قەدەر

يۈكسەكلىكتىن مۇشۇنداق پەسلىككە غۇلاپ چۈشۈشكە ئۈنىغان قانداق ئەقىل ئۇ؟ كۆزىڭىزنى ئېتىپ مۇنچە-لىك كولدۇرلىتىپ يۈرگەن قايسى شەيتاندۇ ئۇ؟ ئۇيات! سىز نومۇس قىلمامسىز؟

**خانىش:** ۋيەي، هاملېت! بولدى سۆزلىمەيلا قوي! سەن كۆزۈمنى ئاچتىڭ، مەن روھىي دۇنيايىمنىڭ تېگى - تەكتىنى كۆردۇم. ئەمدى بۇلارنى دەپ يۇرمە! بۇ گەپلىرىڭ خۇددى قۇلاق تۈۋىمگە پىچاق ئۇرغاندەك بې-لىنىۋاتىدۇ، بولدى ئەمدى سۆزلىمە، جېنىم هاملېت!

**هاملېت:** بىر قاتىل، مەلئۇن، بۇرۇنقى ئېرىڭىز-نىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ مىڭدىن بىرىگىمۇ ئەرزىمەي-دىغان بىر چاكىنا مەخلۇق؛ پادىشاھ قىياپىتىگە كىرى-ۋالغان بىر مۇناپىق، تەخت ئوغرىسى ئاشۇ بىباھا شاھ تاجىنى لىمتاقتىن ئوغرىلاپ قوينىغا تىقىۋالغان.

**خانىش:** بولدى، سۆزلىمە!

(ئەرۋاھ كىرىدۇ. هاملېت ئۇنى كۆرگەن بىلەن خا-نىش كۆرەلمەيدۇ)

**هاملېت:** (ئەرۋاھقا قاراپ) ئوغلىڭىزنى يوقىلاڭ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ، چوڭ ئىشلارغا دەخلى قىلىۋاتىسەن دەپ ئەيىبلىگىلى كەلدى-ڭىزمۇ؟

ئەرۋاھ: ئېسىڭدە بولسۇن، مەن سېنىڭ گاللىشىپ قالغان ئىرادەڭنى بىلىگىلى كەلدىم. قارا، ئاناڭنىڭ

قورقۇپ كەتكەن چىرايىغا. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى غەل-يان ئىچىدە قالدى. بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسا، هام-لېت.

**خانىش:** هەي، نېمە بولدۇڭ؟ هاۋاغا قاراپ ئۆزۈڭچە بىرنېمە دەپ كېتىۋاتىسەنغۇ؟ كۆزلىرىڭ بۆلەكچە يې-نىپ تۇرىدۇ، ئوبدان بالام! نېمىگە قاراۋاتىسەن؟

**هاملېت:** قاراڭ، ئۇنىڭ چىرايى نېمىدېگەن تاتى-راڭغۇ! يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ناهەق تارتقان ئازابىنى بىل-سە، تاش جىنىدا چىدىماي يېرىلىپ كېتىدۇ.

**خانىش:** سەن بۇ گەپلەرنى كىمگە دەۋاتىسەن؟

**هاملېت:** سىز هېچنېمە كۆرمىدىڭىزما؟

**خانىش:** هېچنېمە كۆرمىدىم، ئەگەر ئۇ يەردە بىرنېمە بولسا، كۆرمەمدىم؟

**هاملېت:** سىزگە هېچنېمە ئاڭلانمىدىمۇ؟

**خانىش:** ياق، ئىككىمىزنىڭ سۆزىدىن بۆلەك هېچنېمە ئاڭلىمىدىم.

**هاملېت:** قاراڭ! شۇ تاپتا ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

**خانىش:** كۆزۈڭگە شۇنداق كۆرۈنگەن ئوخشايدۇ. ئادەم ئېسىنى يوقاتقان چاغدا كۆزىگە ئاشۇنداق بىرنې-مىلەر كۆرۈنىدۇ.

**هاملېت:** مەن ئەقلىمدىن ئېزىپ سۆزلەۋاتقىنىم يوق. ئانا، بۇ گەپلەرنى ساراڭلىقتىن دەۋاتىدۇ دەپ قالماڭ،

مەن سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىزگە قارىتا سۆزلەۋاتىمەن. ھەققانىي گەپ قىلىپ سالدىم، كەچۈرۈڭ.

**خانىش:** ئاھ! ھاملېت! سەن يۈرىكىمنى ئوتتۇردىن ئىككى قىلىۋەتتىڭغۇ!

**ھاملېت:** ئاھ! بۇزۇلغان يېرىمىنى چۆرۈۋېتىپ، يەنە بىر يېرىمىنى ساقلاپ قېلىڭ، روھىڭىز ئازراق بولسىمۇ پاكلانسۇن! خەيرلىك كەچ! ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھەرگىز تاغامنىڭ كارىۋىتىدا ياتماڭ. نومۇسىڭىزنى يوقاتقان بولسىڭىزمۇ، بىر ئامال قىلىپ نومۇسلۇق ئاياللاردەك ئىش قىلىشقا تىرىشىڭ. يەنە بىر قېتىم خەيرلىك كەچ تىلەيمەن، سىز تەڭرىگە سېغىنغان چېغىڭىزدا ماڭىمۇ دۇئا قىلىپ قويۇشنى ئۇنتۇماسسىز. (پولونىيۇسنىڭ جەسىتىنى كۆرسىتىپ) بۇ مويسىپىتنى ئېلىپ ئېيتساق، قېنىم قىزىپ كېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، بىراق بۇمۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مەن جازالىنىمەن، مېنىڭ قولۇم بىلەن ئۇ جازالاندى. ئالدى بىلەن بۇنىڭ جەسىتىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن بىرىپ قاتىللىق جىنايىتىمنى بوينۇمغا ئالاي. خەيرلىك كەچ! بەختسىزلىك باشلاندى. تېخىمۇ چوڭ بالا ــ قازا تېخى ئالدىمىزدا.

**خانىش:** مەن نېمە قىلاي ئەمدى؟

**ھاملېت:** ئۇنىڭغا مېنى ساراڭ ئەمەس ئىكەن،

سارالى قىياپىتىگە كىرىۋاپتۇ دەپ ئىبىتىپ قويمالى.

**خانىش:** خاتىرجەم بول، تىنىقىم چىقىمىدىلا بول-سا، سىنىڭ ماڭا دېگەنلىرىڭنى ھەرگىز ئاشكارىلاپ قويمايمەن.

**ھاملىت:** مەن ئەنگلىيىگە بارىدىكەنمەن، بۇنى بىلەمسىز؟

**خانىش:** ھە، راست! ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۇ ئىش شۇنداق بېكىتىلدى.

**ھاملىت:** شاھ مەكتۇپنى يازدۇرۇپ تەخ قىلىپ قويدى، ئۇنى ھېلىقى ئىككى ساۋاقداشىمغا بېرىپ قوي-ماقچى، ئۇ نېمىلەردىن مەن زەھەرلىك يىلاندىن پەخەس بولغاندەك پەخەس بولىمىقىم لازىم، ئۇلار مېنى بۇرنۇمە-دىن يېتىلەپ تۇزاققا چۈشۈرمەكچى، قېنى، ئۇلارنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ باقاي. پاھ، ھىيلە ـ مىكىرگە ھىيلە ـ مىكىر ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۆزى ئا-جايىپ قىزىقارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ خەيرلىك كەچ، ئانا!

## 11. قەلئەدىكى بىر ئۆي

(پادىشاھ بىلەن هاملېت چىقىدۇ)

**پادىشاھ:** هاملېت، مەن خانىشتىن سېنىڭ ساراڭلىقىڭ تۇتۇپ ۋەزىر پولونيۇسنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. سېنىڭ قىلغان بۇ ئىشىڭغا بەكمۇ ئېچىنىمەن. سېنىڭ ئامانلىقىڭغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتىمەن، بۇ ئەلدىن دەرھال كەتمىسەڭ بولمايدۇ، شۇڭا، تېز بېرىپ تەييارلىقىڭنى قىل. كېمە يولغا چىقىشقا تەييارلىنىپ بولدى، شامال يۆنىلىشىمۇ ياخشى. ئەنگلىيىگە بارىدىغان بارلىق تەييارلىقلار پۈتۈپ بولدى. سەپەرداشلىرىڭ سېنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

**هاملېت:** بولىدۇ.

**پادىشاھ:** ئەگەر كۆڭلۈمنى چۈشەنسەڭ، ساڭا ياخشى بولسۇن ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن.

**هاملېت:** بولىدۇ. ئەنگلىيىگە باراي! خوش، قەدىرلىك ئانا!

**پادىشاھ:** مەن سېنىڭ مېرۇۋەتلىك ئاتاڭ بولىمەن، هاملېت.

**هاملېت:** ئانام بولىسىز، ئاتا بىلەن ئانا دېمەك ئەر ـ خوتۇن ئىككى كىشى دېمەكتۇر، ئەر ـ خوتۇن دېگەن

بىر گەۋدە. شۇڭا، خوش، مېنىڭ ئانام! (چىقىپ كېتىدۇ، روسىنكران بىلەن گىلدېستونلار كىرىدۇ)

**پادىشاھ:** كەينىدىن بېرىپ ئۇنى كېمىگە تېزرەك چىقىشقا ئۈندەڭلار، كېچىكمىسۇن، بۈگۈن كەچتىلا ئۇ-نى چېگرادىن چىقىرىۋېتىمەن. ئالاقىدار ھۆججەت بىلەن مەكتۇپلارنىڭ ھەممىسى تەخ. تېزرەك بولۇڭلار. ئەي ئەنگلىيە پادىشاھى، دانىيە شەمشىرى قالدۇرغان جاراھەت تۈپرىقىڭدا ھېلىھەم كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ، ناۋادا مېنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىمدىن قورقساڭ، دوستلۇقۇمنى قەدىرلىسەڭ، ھەرگىزمۇ پەرمانىمغا سەل قارىمايسەن، ھاملېتنى دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىلىق مەكتۇپقا يازدىم. دېگىنىم بويىچە قىلغايسەن. ئەنگلىيە پادىشاھى، سېنىڭ قولۇڭ بىلەن داۋالانمىسام بولمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن يوق قىلىنغانلىقىنى بىلگەندىلا، ئاندىن مېنىڭ چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرىدۇ. (كىرىپ كېتىدۇ)

## 12. ئېلسنور ئوردىسىدىكى بىر ئۆي

(خانىش بىلەن مۇلازىم كىرىدۇ)

**خانىش:** مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈم يوق.

**مۇلازىم:** ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايـ
دەيدۇ. خۇددى ئېلىشىپ قالغاندەكلا كۆرگەن ئادەمنـ
ئىچى سىيرىلىدۇ. ئۇ ھە دېسە ئاتىسىنىڭ گېپىنـ
قىلىدۇ، بىردەم ئۇھ تارتىدۇ، بىردەم كۆكسىگە مۇشتـ
لايدۇ، ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىرى ئاجايىپ گەپلەر، ئاڭـ
لىغان كىشى بۇنىڭ تېگىدە گەپ بار دەپ قالىدۇ.

**خانىش:** ئۇ كىرسۇن.

(مۇلازىم ئوفېلىيە بىلەن بىللە خانىشنىڭ ئالدىـ
كېلىدۇ)

**ئوفېلىيە:** دانىيەنىڭ ساھىبجامال خانىشى قېنى؟

**خانىش:** ئوفېلىيە!

**ئوفېلىيە:** (ناخشا)

پالانچى ھەم پۇستانچىلار كېزىپ يۈرەر كوچىدا،
ئارىسىدا سۆيگەن يارىڭ قايسى زادى ئېيتقىنا؟
بار بېشىدا شىلەپىسى ھەم قولىدا ھاسىسى،
بىر جۈپ پاخال چورۇق تۇرار ئۇنىڭ پۇتىدا.

**خانىش:** ھەي ئاپئاق قىزچاق، بۇ ناخشىنىڭ مەـ



نىسى نېمە؟

**ئوفېلىيە:** ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭە؟ قۇلاق سېلىپ تۇر سىڭىزلا بولدى.

قىزچاق، قىزچاق، ئۇ كەتتى بۇ جاھاندىن،
كەلمىشى يوق ئەمدى مەڭگۇ بۇ دۇنياغا قايتىدىن.
پۈركىنىپتۇ ئۇنىڭ بېشى ياپيېشىل ئوت ـ گىياھـ
قا،
ئۇنۇپتۇ مۇخ ـ ئۆسۈملۈكلەر پۇتلىرىنىڭ ئۈستىـ
دىن.

(پادىشاھ كىرىدۇ)

**خانىش:** قارىڭا، بۇنىڭغا، شاھ ئالىيلىرى.

**ئوفېلىيە:** (ناخشا)

يامغۇردەك تۆكۈلىدۇ ئاڭا قىزىلگۈل بەرگى،
شۇ گۈللەردە شەبنەم كەبى يالتىرايدۇ كۆز ياشلار،
ئۆزاتماقتا يەرلىكىگە يىغلاپ ئۇنى يۇرت ئەھلى.

**پادىشاھ:** ئاپئاق قىز، ئەھۋالىڭ قانداق؟

**ئوفېلىيە:** ياخشى، تەڭرى سىزنى پاناھىدا ساقلىـ سۇن! خەقلەر ھۆۋقۇشنى ئەسلىي بىر بولكىچىنىڭ قىزى ئىكەن دېيىشىدۇ. ئاھ، ياراتقان ئىگەم! بىز ھازىرغۇ ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى بىلىمىز، لېكىن كەلـ گۈسىدە نېمىگە ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىمىز قاراڭغۇ، تەڭرى سىز بىلەن بىرگە بولسۇن!

**پادىشاھ:** ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى دەردىدە مۇشۇنداق

بولۇپ ئاپتۇ ـ دە. گۈزەل ئوفېلىيە! قاچاندىن بېرى بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى؟ دىققەت قىلىڭلار، چاتاق تېرىپ قويمىسۇن. ئاھ گېترود، بالا ـ قازا ھامان قوشلاپ كې-لىدىكەن. مانا، ئوفېلىيەنىڭ ئاتىسى ئۆلتۈرۈلدى، ئاندىن ئوغلىڭىز يىراقلارغا كەتتى. ئۇ بۇنداق چوڭ بالا ـ قازانى تېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ياقا ـ يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى، بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزى تاپقان بالا. خەقلەر پولونىيۇسنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ھەر خىل گۇماندا بولۇۋاتىدۇ، ئۇنى ئالدىراپ ـ سالدىراپ يوشۇرۇن دەپنە قىلدۇرۇۋەتكىنىمىزمۇ خەقنى جىق گۇمانغا سېلىپ قويدى. بىچارە ئوفېلىيەمۇ بۇ دەردنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئەقلىدىن ئايرىلدى. مېنى تەشۋىشكە سې-لىۋاتقان يەنە بىر ئىش شۇكى، ئوفېلىيەنىڭ ئاكىسى فرانسىيىدىن يوشۇرۇن قايتىپ كەپتۇ، ئاقنى قارا دې-دىغان چۇپرەندىلەر ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا بولمىغۇر ئىغۋالارنى تارقىتىپ يۈرۈپتۇ، بۇ ئىغۋالارنىڭ ھەممىسى ماڭا چېتىشلىق بولۇپ قاپتۇ. ئاھ، بۇ ئىشلار خۇددى دەھشەتلىك توپ ئوقىدەك ۋۇجۇدۇمنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى.

(ئىچكىرىدىن غەلىيان كۆتۈرۈلدى)

**خانىش:** ۋاي، بۇ نېمە ئاۋاز؟ نېمە ئىش بولدى؟

**مۇلازىم:** ئالىيلىرى، ياش لائېرتىس بىر توپ ئاسىي

قوشۇننى باشلاپ ئوردىغا باستۇرۇپ كىردى. بۇ بىر ئا-دەملەر «لائوتۇسنى پادىشاھ بولۇشقا كۆرستىمىز» دەپ ۋارقىراپ يۈرىدۇ. (ساۋۇت- دۇبۇلغا كىيگەن لائوتۇس كىرىدۇ، كەينىدە بىر توپ دانىيىلىكلەر)

**لائوتۇس:** پادىشاھ قەيەردە؟ بۇرادەرلەر، ھەممىڭلار سىرتتا تۇرۇپ تۇرساڭلار (كۆپچىلىك سىرتقا چىقىپ كې-تىدۇ)، رەھمەت سىلەرگە، دەرۋازىغا ھېزى بولۇپ تۇرار-سىلەر، ھەي، مەلئۇن شاھ، ئاتامنى تۆلە!

**خانىش:** سەل ئۆزۈڭنى بېسىۋال، لائوتۇس.

**لائوتۇس:** قىزىۋاتقان قېنىم سەل بېسىلىپ قال-دىغان ئىش بولسا، بولدى، مەن ھارامدىن بولغان بولۇپ كېتەي.

**پادىشاھ:** لائوتۇس، مۇنچىۋالا ئەلپازىڭنى بۇزۇپ، ئۇستۇمگە لەشكەر تارتىپ كېلىشكە سېنى زادى نېمە مەجبۇر قىلدى؟ ماڭا دېگىن، ساڭا زادى نېمە ئىش شۇنچىلىك ئەلەم قىلدى؟

**لائوتۇس:** ئاتام قېنى؟

**پادىشاھ:** ئۆلدى.

**خانىش:** لېكىن ئۇنى بۇ كىشى ئۆلتۈرگىنى يوق.

**پادىشاھ:** ئۇ سوئالىنى سورىۋالسۇن.

**لائوتۇس:** ئۇ نېمىشقا ئۆلىدۇ؟ خەقلەر مېنى كولدۇرلىتالمايدۇ. ساداقەت، ئەدەپ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى

گۆرگە كىرىپ كەتسۇن! مەيلى ھاياتلىقىمدا نېمە كۆر-
سەم كۆرەي، ئۇ دۇنيالىقىممۇ نېمە بولسا بولسۇن،
ھېچقايسىسى بىلەن ھېسابلاشمايمەن، پەقەت ئاتامنىڭ
قىساسىنى ئالسام بولدى.

**پادىشاھ:** بۇنىڭدىن سېنى كىم توسۇپتۇ؟

**لائېرتىس:** مېنى بۇنىڭدىن پۈتۈن جاھانمۇ توسۇ-
يالمايدۇ. ئۆزۈم ئىرادە قىلمىسام ئۇ باشقا گەپ، مەن
كۈچۈمنى چوقۇم جايىغا ئىشلىتىمەن.

**پادىشاھ:** لائېرتىس، سەن دوست ـ دۈشمەنلىرىڭنىڭ
ھەممىسىدىن ئىنتىقامىڭنى ئېلىپ، ئۇتقاننىمۇ، ئۇت-
تۇرغاننىمۇ تاۋكا ـ پاۋكالىرى بىلەن بىراقلا سۈپۈرۈپ
تاشلىماقچىمۇسەن؟

**لائېرتىس:** جانغا جان، قانغا قان، ئاتامنى كىم ئۆل-
تۈرگەن بولسا، شۇ جاۋاب بېرىشى كېرەك، مەن پەقەت
ئاتامنىڭ دۈشمىنىنى تېپىپ ھېسابلىشىمەن. ئۇنىڭ
دوستلىرىغا بولسا، قۇچىقىم ھەمىشە ئوچۇق.

**پادىشاھ:** مانا، ئەمدى تازا ۋاپادار ئوغۇلدەك، ھەقى-
قىي يىگىتتەك گەپ قىلدىڭ. ھۆرمەتلىك ئاتاڭنىڭ
ئۆلۈمى بىلەن مېنىڭ قىلچە چېتىشلىقىم يوق. تېخى
مەن ئۇنىڭ بەكمۇ ئىچ ئاغرىقىنى تارتىپ كېتىۋاتىمەن.
(ئوفېلىيە كىرىدۇ)

**لائېرتىس:** ئەي، نەۋ باھارنىڭ قىزىلگۈلى! جېنىم
سىڭلىم ئوفېلىيە! تۇۋا! بىر مەسۇمە قىزنىڭ ئەقلى ـ

ھوشى خۇددى بىر قىرىنىڭ جىنىدەك ھېچقانداق زەر-بىگە بەرداشلىق بېرەلمەمدىغاندۇ؟ ئىنساننىڭ تەبىئىتى مۇھەببەت تۇيەيلى تولىمۇ سەزگۈرلىشىپ كېتىدىكەن، سەزگۈر بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەڭ ئەتىۋار نەرسىسىنى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگىنىگە ئاتىۋېتەلەيدىكەن.

**ئوفېلىيە:** (ناخشا)

ئۇلار ئۇنى سالدى تاۋۇتقا،
قانداق قىلاي ۋاي، دەردىم!
ياش تۆكتى خەق يامغۇردەك،
خەير ـ خوش، مېنىڭ كەپتىرىم!

**لائېرتېس:** ئاڭسىز ئېيتىلغان بۇ گەپلەر ئاغرىتىپ ئېيتىلغان گەپلەردىنمۇ كۆچلۈك چىقىۋاتىدۇ. بۇ ئىلدىشاڭغۇ گەپلەرنىڭ خېلى تېگى بار، ئۇنىڭدىكى ئوي ـ پىكىر ۋە ئەسلىمىلەر خېلى جايىدا جۈمۇ.

**ئوفېلىيە:** مانا بۇ بىر تۇپ بەدىيان. مەن سىزگە رۇخسىگۈللەردىنمۇ بىرەي دېۋىدىم، لېكىن ئاتامنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ھەممىسى توزۇپ تۈگىدى. ئۇلار ئۇنى ئەجەب ئوبدان ئۆلدى دەۋاتىدۇ. (چىقىپ كېتىدۇ)

**لائېرتېس:** ئاھ خۇدا، سەن بۇنداق پاجىئەنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

**پادىشاھ:** لائېرتېس، بېشىڭغا چۈشكەن بەختسىز-لىك توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشىم كېرەك، سەن بۇ ھوقۇقىمنى رەت قىلما. ئاۋۋال ئەقىللىق

دوستلىرىڭدىن بىرنەچچىنى تېپىپ ئەكەل، ئوتتۇرىمىزدا تۇرۇپ خالىس بىرنېمە دېسۇن. ئەگەر ئۇلار مېنى ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ شېرىكى دەپ ھۆكۈم قىلسا، بولدى، مەن سېنىڭ زىيىنىڭنى تۆلەپ بېرىش بەدىلىگە زېمىنىمدىنمۇ، تەختىمدىنمۇ، ھاياتىمدىنمۇ، ئىشقىلىپ ھەممىنىڭ نەرسەمدىن ۋاز كېچىشكە تەييار. ناۋادا ئۇلار مېنى گۇناھسىز دەپ تونۇسا، ئۇ چاغدا سەن ماڭا ياردەم قولۇڭنى سۇنۇشقا ۋەدە بېرىشىڭ، مەن بىلەن ھەقىقىي تۈردە ھەمكارلىشىپ، قاتىلنى جازالاشنىڭ كويىغا چۈشۈشۈڭ كېرەك.

**لائېرتىس:** دادامنىڭ ئۆلۈمى بەكمۇ سىرلىق، يەرلىككىمۇ يوشۇرۇن قويۇۋېتىلگەن. ئۇنىڭ ئۆلۈمى نۆكەرلەرچە شان ـ شەرەپتىن بەھرىمەن بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن قارىلىق تۇتىدىغانمۇ ئىشلار بولمىسا، بۇنىڭغا جىمى ئەقلىم غەزەپلىنىدۇ، مەن بۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلىماي قويمايمەن.

**پادىشاھ:** چوقۇم ئېنىقلايسەن، جىنايەتچىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ، ئاندىن مىسران قىلىچىڭنى شۇنىڭ بويىنىغا چاپارسەن، يۈر، مەن بىلەن. (پادىشاھ لائېرتىسنى باشلاپ چىقىپ كېتىدۇ)

# 13. قەلئەدىكى باشقا بىر ئۆي

(گوراتسىئو بىلەن خىزمەتكار كىرىدۇ)

**خىزمەتكار:** غوجام، بىرنەچچە دېڭىزچى سىزگە تاپشۇرىدىغان خەت بار ئىدى دەيدۇ.

**گوراتسىئو:** ئەمىسە كىرسۇن. (خىزمەتكار چىقىپ كېتىدۇ) چوقۇم ھاملېتنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن خېتى. (دې-ڭىزچىلار كىرىدۇ)

**دېڭىزچى ئا:** خۇدا سىزگە يار بولسۇن، ئەپەندى!

**گوراتسىئو:** خۇدا سىلەرگىمۇ يار بولسۇن.

**دېڭىزچى ب:** سىزگە بىر پارچە خەت ئەكېلىۋې-دۇق، ئەپەندى — بۇنى ئەنگلىيىگە كېتىۋاتقان ئەلچى ئە-ۋەتكەن.

**گوراتسىئو:** ھەقىقەتەن ھاملېتتىن كەلگەن خەت ئىكەن. (خەتنى ئوقۇيدۇ) *«گوراتسىئو، سەن بۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ كىشىلەرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ بار، ئۇلار ئۇنىڭغا خەت تاپشۇرىدۇ. بىز دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ ئىككىنچى كۈنى غالجىر قا-راقچىلار كېمىسى بىزنى قوغلاپ كەلدى. كېمىمىز ئىتتىك ماڭالمىغاچقا، ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئارىلىقىمىز يېقىنلاشقاندا، مەن قاراقچىلار*

كېمىسىگە سەكرەپ چىقىۋالدىم. قاراقچىلار بىزنىڭ كېمىدىكىلەرنى تاشلاپ، يالغۇز مېنى ئەسىر قىلىپ كەتتى. ئۇلار ماڭا ناھايىتى ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلدى. چۈنكى، مۇشۇنداق قىلسا ئۆزلىرىگىمۇ پايدىلىق ئىكەن-لىكىنى ئۇلار بىلىدىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ. پادىشاھقا خەتنى بەرگەندىن كېيىن، دەرھال كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشكىن. مېنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپىم بار، خەتنى ئاپارغانلار سېنى قېشىمغا باشلاپ كېلىدۇ. روسىنكران بىلەن كىردىستون ئەنگلى-يىگە كەتتى. ئۇلار توغرىسىدا ساڭا دەيدىغان گەپلەر بار. خەير. جان ـ جىگەر دوستۇڭ ھاملېت» يۈرۈڭلار، دەرھال سىلەرنى خەتنى تاپشۇرىدىغان يەرگە ئاپىراي. ئاندىن مېنى مۇشۇ خەتنى بەرگەن كىشىنىڭ يېنىغا تېز يەت-كۈزۈڭلار.



## 14. قەلئەدىكى باشقا بىر ئۆي

(پادىشاھ بىلەن لائوتۇس كىرىدۇ)

**پادىشاھ:** ھۆرمەتلىك ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەن كىشى توغرىسىدا دەپ بەرگەنلىرىمنى ئاڭلىدىڭ، ئۇ مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولۇشنىمۇ ئويلىغان.

**لائوتۇس:** نېمىشقا مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرگەن بۇنداق ئېغىر، ۋەھشىي جىنايەتكە قاتتىق جازا قوللانمىدىڭىز؟

**پادىشاھ:** ھە، بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار. خانىش بىر كۈن ھاملېتنى كۆرمىسە، ياشىيالمايدىغاندەك قىلىپ كېتىدۇ. مەنچۇ، ئېھتىمال بۇ مېنىڭ ياخشىلىقىمدۇ ياكى ئەجەللىك ئاجىزلىقىمدۇ، مېنىڭ ھاياتىم، روھىم خانىش بىلەن شۇنچىلىك چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنكى، خۇددى سەييارىلەر ئوربىتىسىدىن قىلچە نېرى بولالمىغىنىغا ئوخشاش، مەنمۇ ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن. بۇ ئۆلۈم ۋەقەسىنى ئاشكارىلاشتىن قورقىدىغان يەنە بىر تەرىپىم، خەلق ھاملېتنى ناھايىتى ئەزىزلەيدۇ. ئۇنىڭغا سىلىنغان كويزا ـ كىشەنىنىمۇ شان ـ شەرەپنىڭ سىمۋولىدەك كۆرىدۇ. قولۇمدىكى ساداقنىڭ ئوقى بەكمۇ يەڭگىل، بەكمۇ كۈچسىز، بۇنداق

قاتتىق بورانغا يولۇققاندا، چوقۇم نىشانغا تەگمەي قالىدۇ.

**لائېرتۇس:** ئەمىسە، مېنىڭ ئېسىلزادە ئاتام ناھەقتىن ـ ناھەق مۇشۇنداق ئۆلۈپ كەتسە، جان ـ جىگەر سىڭلىم قاراپ تۇرۇپ ساراڭ بولۇپ كەتسە، مەيلى دەپ ئولتۇرىمىزمۇ؟ ئىشقىلىپ قىساسىمنى ئالىدىغان پەيت هامان يېتىپ كېلىدۇ.

**پادىشاھ:** مېنى ساقلىنى يۇلسىمۇ خوش ـ خوش دەپ تۇرىدىغان لامزەللىمىكىن دەپمۇ ئويلاپ قالما. پات ئارىدا بىر خەۋەر بولىدۇ. مەن ئاتاڭنى ئەزىزلەيتتىم. ئۆزۈمنىمۇ ئەزىزلەيمەن. (بىر ياساۋۇل كىرىدۇ)

**پادىشاھ:** ھە، نېمە خەۋەر؟

**ياساۋۇل:** شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولسۇنكى، هاملېت خەت ئەۋەتىپتۇ، بۇ بىر پارچىسى ئالىيلىرىغا، بۇ بىر پارچىسى خانىشقا ئىكەن.

**پادىشاھ:** هاملېت خەت ئەۋەتىپتۇ! كىمدىن ئەۋەتىپتۇ؟

**ياساۋۇل:** بىرقانچە دېڭىزچىدىن ئەۋەتىپتۇ، ئالىيلىرى، مەن ئۇلارنى كۆرمىدىم.

**پادىشاھ:** لائېرتۇس، بۇ خەتنى ساڭا ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلا.

**پادىشاھ:** (پادىشاھ خەتنى ئوقۇيدۇ) «*ئالىيلىرى، مەن قىپيالىڭاچ هالدا تۇپرىقىڭىزغا قايتىپ كەلدىم.*



*ئالدى بىلەن سىزگە ئۆز ئەمنىڭ چاقىرىلماي قايتىپ كەلگەن جىنايىتىمنى مەلۇم قىلىمەن، ئاندىن بۇنداق تۇيۇقسىز قايتىپ كېلىشىمدىكى سەۋەبنى ئېيتىمەن. ئېھتىرام بىلەن: ھاملېت»* بۇ نېمە گەپ؟ بىللە ماڭ-غانلارمۇ قايتىپ كەلگەنمىدۇ؟

**لائېرتېس:** بۇ پوچېركىنى تونۇمسىز؟

**پادىشاھ:** بۇ ھەقىقەتەن ھاملېتنىڭ پوچېركىسى، «قىپيالىڭاچ ھالدا!» يەنە مەيەرگە «يالغۇز ئۆزۈم قايتىپ كەلدىم» دەپ قوشۇپ قويۇپتۇ. سىنىڭچە، ئۇنىڭ غەرىزى نېمىدۇ؟

**لائېرتېس:** بۇنى بىلەلمىدىم، ئالىيلىرى. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ كەلگىنى ياخشى بولدى، ھەرنېمە بولسا ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ: «ئەجەب قىپسىنا؟!»، دەۋالىدىغان كۈنگە ئېرىشتىم دەپ خېلى يېنىكلەپ قالدىم.

**پادىشاھ:** ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بولغان بولسا، لا-ئېرتېس، سەن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلامسەن؟

**لائېرتېس:** ئاڭلايمەن، ئالىيلىرى، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بىلەن يارىشىدىغان گەپنى قىلمىسىڭىزلا.

**پادىشاھ:** ئۇنداقتا مەن بىر پىلان تۈزۈپ قويدۇم، ئۇ تۇيمايلا قىلتاققا چۈشىدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆلگەندىن كې-يىنمۇ، ھېچكىم ئۇ ھەقتە بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. ئانى-سىمۇ باشقا كەلگەن بالا ـ قازا دەپ قالىدۇ.

**لائېرتېس:** ئالىيلىرى، مەن سىزنىڭ كۆرسەتكەن

سىزنىڭىزدا ماڭمەن. ياخشىسى، بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنى مېنىڭ قولۇمدا ئۆلىدىغان قىلىڭ.

**پادىشاھ:** پىلانىمۇ شۇنداق. سېنىڭ بىر خىل ماھارىتىڭ بار، سېنىڭ بارلىق پاراسىتىڭنىڭ يىغىندىسىمۇ بۇ ماھارىتىڭچىلىك ھاملېتنىڭ ساڭا بولغان ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىيالمايدۇ. بىرنەچچە ئاي بۇرۇن بۇ يەرگە بىر نورماند يىگىتى كەلدى. ئۇ ئاجايىپ قالتىس يىگىت ئىكەن، ئاتنىڭ ئۇستىدە چاپلاپ قويغاندەكلا ئولتۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ھۈنىرى مېنىڭ پەرەز قىلغىنىمدىنمۇ ئارتۇق چىقتى. ھەرقانچە ماختاپمۇ، ئۇنى تەرىپلەپ بولالمايمەن.

**لائېرتېس:** ئۇنداق بولسا، ئۇ لاموند ئىكەن.

**پادىشاھ:** ھە، دەل شۇ.

**لائېرتېس:** مەن ئۇنى تونۇيمەن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەلگە داڭقى چىققان باتۇر.

**پادىشاھ:** ئۇ سېنىڭ قىلىچۋازلىقىڭغا بەكمۇ قول قويىدىكەن. بۇ تەرىپىڭنى جىق ماختىدى. ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان ئادەم چىقسا ھەيران قالسا بولىدۇ، ئەگەر ئۇ بىزنىڭ ئەلدىكى قىلىچۋازلار بىلەن تۇتۇشسا، ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىپ، ئۇنى بىردەمدىلا تەييار قىلىدۇ دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ ھاملېت چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالغان. سېنى تېزرەك كەلسە،

بىر تۇتۇشۇپ باقسام دېگەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا... ...

**لائوتۇس:** ھە، شۇنىڭدىن قارىغاندا قانداق، ئالىيـ ـلىرى؟

**پادىشاھ:** لائوتۇس، سەن راستىنلا ئاتاڭغا كۆيۇـ نەمسەن ياكى ئاغزىڭنىڭ ئۇچىدىلا سۆزلەپ، ئۆزۈڭنى ئاشۇنداق كۆرسىتىپ يۈرەمسەن؟

**لائوتۇس:** نېمىشقا مەندىن مۇنداق دەپ سورايسىز؟

**پادىشاھ:** مەن سېنى ئاتىسىغا مېھرى يوق دەۋاتـ ـقىنىم يوق، لېكىن مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ بىر مەھەلـ ـلىك ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى ماڭا ئايان. تەجرىبىلەر ماڭا شۇنى چۈشەندۈردىكى، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا سۇسلايدۇ. مۇھەببەتنى بىر پانار دېسەك، ئۇنىڭ پىلىكى كۆيۈپ تۈگىگەندىن كېيىن يو۔ رۇقىمۇ ئۆچىدۇ. ھەممىنىڭ مەۋجۇدات مەڭگۈ بىر خىل ياخشى ھالىتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. ئادەم دېگەن قىلىـ ـمەن دېگەن ئىشنى ئېسىگە كەلگەن ھامان قىلىشى كېرەك، چۈنكى ئادەمنىڭ كاللىسى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. پۇرسەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قۇرۇق گەپنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ چاغدا بەك كېچىككەن بولىدۇ. ھاملېت قايتىپ كەلدى، سەن ئاتاڭغا بولغان ساداقىتىڭنى بىلـ ـدۈرۈش ئۈچۈن، زادى نېمە ھەرىكەت قوللانماقچى؟

**لائوتۇس:** مەن چېركاۋدا ئۇنى بوغۇزلىۋېتىمەن.

**پادىشاھ:** دەرھەقىقەت، ھەرقانداق جاي قاتىللىغا باشپاناھ بولالمايدۇ. قىساس ئېلىش جايىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك. لېكىن سەن ھەقىقەتەن قىساس ئېلىشنى نىيەت قىلغان ئىكەنسەن، ئەڭ ياخشىسى ئۆيۈڭدىن سىرتقا چىقماي تۇرۇپ تۇر. ھاملېت كەلگەندىن كېيىن، بىز ئۇنىڭغا سېنىڭمۇ قايتىپ كەلگەنلىكىڭنى ئۇقتۇرىمىز. بىرنەچچەيلەن ئۇنىڭ ئالدىدا سېنىڭ ماھارىتىڭنى ماختايدۇ، ئۇنى سەن بىلەن مۇسابىقىلىشىشكە قۇترىتىدۇ، بىز چەتتە تۇرۇپ دو تىكىشىمىز دەيدۇ. ئۇ ناھايىتى تۈز، بىپەرۋا ئادەم. خەقنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ. چوقۇم مۇسابىقىگە ئىشلىتىدىغان قىلىچنىڭ قايسىسى ئۆتكۈر، قايسىسى گاللىقىغىمۇ تەپسىلىي قاراپ كەتمەيدۇ، ئاۋۋال سەن ئۆتكۈر بىر قىلىچنى قىلىچلار ئارىسىغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىسەن، ئاندىن ئۇ دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە تۇيدۇرماستىن ئۇنى ئېلىۋالىسەن، قىلىچۋازلىق قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە بىرلا تىقىسەن، شۇنىڭ بىلەن ئاتاڭنىڭ ئىنتىقامى ئېلىنىدۇ.

**لائېرتېس:** بولىدۇ، شۇنداق قىلاي. ئىنتىقام ئۈچۈن مەن تېخى قىلىچقا زەھەر سۈركەپ قويۇشقىمۇ تەييار. مەن بىرسىدىن زەھەر سېتىۋالدىم، ئۇ بىر خىل مايسىمان ناھايىتى كۈچلۈك زەھەر، قىلىچنىڭ ئۇچىغا

ئازراق تەگكۈزۈپ قويۇلسىلا، قىلىچ ئادەمنىڭ تېنىگە سانجىلىپ ئازراق قان بىلەن ئۇچراشقان هامان، ھەتتا تېرىسىنى ئانچىكى شىلىۋەتسىمۇ دەرھال كۈچىنى كۆرسىتىدۇ، ھەرقانداق ئېسىل دورىمۇ ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. مەن قىلىچقا شۇنى سۈركىۋالسام بولىدى. مەن قىلىچنى بىرلا سانجىغان هامان ئۇ جان بېرىدۇ.

**پادىشاھ:** مەغلۇپ بولماسلىق ئۈچۈن يەنە بىر ئەتراپلىقراق پىلان تۈزسەك. توختا! كاللامغا بىر پىكىر كېلىۋاتىدۇ: بىز ئىككىڭلاردىن قايسىسى ئۇتىدۇ، دەپ بەسلىشەيلى، سەن ئۇنىڭ بىلەن تازا كۈچەپ ئېلىشىپ، ئۇنى تازا هارغۇزغىن، ئۇ ناھايىتى چارچاپ، ئېغىزلىرى قۇرۇپ چاڭقاپ، ئۇسسۇزلۇق تەلەپ قىلغان چاغدا، مەن ئۇنىڭغا ئوغا سېلىنغان هاراقنى تەييار قىلىپ تۇرىمەن، ناۋادا ئۇ سېنىڭ زەھەر يالىتىلغان شەمشىرىڭدىن ئامان قالسا، ئوغىلانغان هاراق بىلەن تەييار بولىدۇ، بىز مەقسەتكە ئوخشاشلا يېتەلەيمىز. توختا! نېمە ئاۋاز ئۇ. (خانىش كىرىدۇ)

**پادىشاھ:** ئاھ، سۆيۈملۈك خانىشىم!

**خانىش:** بالا ـ قازا كەلسە قوشلاپ كېلىدىكەن، لا-ئوتۇس. قارىمامسەن، سىڭلىڭ سۇغا چۆكۈپ كېتىپ ئۆلۈپتۇ.

**لائېرتېس:** سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپتۇ! ئاھ! قەيەردە؟!

**خانىش:** دەريادا. ئۇ يەردە سۇغا ئېگىلىپ ئۆسكەن بىر تۈپ سۆگەت بار، ئۇنىڭ باراقسان شاخلىرى سۇدا خۇددى ئەينەكتەك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئوفېلىيە غەلىتە بىر گۈلچەمبىرەكنى توقۇپ ئۇ يەرگە بېرىپتىكەن ھەمدە ئۇ سۆگەتنىڭ سۇغا ئېگىلىپ تۇرغان بىر تال شېخىغا چىقىپ، قولىدىكى گۈلچەمبىرەكنى شۇنىڭغا ئېلىپ قويماقچى بولغان ئىكەن، دەل شۇ چاغدا، ھېلىقى لەنىتى شاخ سۇنۇپ كېتىپ، ئۇ گۈلچەمبىرىكى بىلەن بىللىلا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ سۇ ئىچىدە كىيىملىرى يېيىلغان ھالەتتە، سۇ پەرد-سىدەك ئاقىقان ئوخشايدۇ. ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىغاندەك، يا بولمىسا سۇنى ئۆز ماكانى دەپ ئويلىغاندەك، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ، سۇ بىلەن بىللە ئېقىپتۇ. بىراق ئۇزاق ئۆت-مەيلا، ئۇنىڭ كىيىمى سۇدا تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، بۇ بىچارە ناخشىسىنى تۈگەتمەيلا سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ.

**لائېرتېس:** نېمە! ئۇ سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپتىما؟

**خانىش:** شۇنداق، سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپتۇ.

**لائېرتېس:** ئاھ، بىچارە ئوفېلىيە، سەن سۇدا تۈگەپ-سەن، مەن ئۇستىلەپ كۆزۈمنىڭ سۈيىنى ئېقىتىپ نېمە قىلاي؟ لېكىن ئىنسان دېگەن ھېسسىياتىنى با-

سالمايدۇ. ئادەم دېگەن شۇنداق نېمىكەن، نومۇس قىلىپ تۇرسامۇ ھەسرىتىمنى يوشۇرالمايۋاتىمەن. خوش، ئالىيلىرى! (چىقىپ كېتىدۇ)

**پادىشاھ:** گېترود، مەن مىڭ بالالىقتا ئۇنىڭ غەزىپىنى بېسىۋىدىم، يەنە ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. (ئىككىسى چىقىپ كېتىدۇ)

## 15. قەبرىستان

(ئىككى گۆركار ئوفېلىيە ئۈچۈن گۆر قازىدۇ)

**گۆركار ئا:** ئۇ قىز ئۆز جېنىغا ئۆزى قەست قىلغان تۇرسا، يەنە ئۇنى خرىستىئانلار قائىدىسى بويىچە دەپنە قىلامدىكەن؟

**گۆركا ب:** مەن دېدىمغۇ، مېيىت تەكشۈرگۈچى ئۇنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ، چوقۇم خرىستىئانلارنى دەپنە قىلىش قائىدىسى بويىچە يەرلىككە قويۇش كېرەك، دەپ هۆكۈم چىقاردى.

**گۆركا ئا:** مەسىلە مۇنداق: مۇبادا مەن ئاڭلىق رەۋىشتە سۇغا سەكرەپ ئۆلۈۋالغان ئىكەنمەن، ئۇ هالدا چوقۇم بىر قىلمىش شەكىللەندۈرگەن بولىمەن. بۇنداق قىلمىش ئۈچ جەهەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، مۇددىئا، ئىككىنچىسى، نىيەت، ئۈچىنچىسى، هەرىكەت. شۇڭا ئۇنى قەستەن سەكرەپ ئۆلۈۋالغان، دەيمىز.

**گۆركا ب:** راست گەپنى قىلايلى. ئەگەر ئۆلگۈچى ئېسىلزادىنىڭ قىزى بولمىغان بولسا، ئۇلار هەرگىزمۇ ئۇنى خرىستىئانلارنىڭ دەپنە قائىدىسى بويىچە يەرلىككە قويمىغان بولاتتى.

**گۆركا ئا:** توغرا، جايىدا گەپ قىلدىڭ، پۇلى بار،

يۈزى بارلار ئۆزىنى سۇغا تاشلىسىمۇ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالسىمۇ بولىدۇ. باشقا خرىستىئانلارغا بولمىغان بىلەن، ئۇلارغا بولۇۋېرىدۇ. بۇ دۇنيادا ئادالەتسىز ئىشلار جىق! قېنى جوتۇنى ئالايلى. ئېسىلزادىلىككە كەلگەندە، نەسل ـ نەسەبى ئەڭ كونىلار دېھقان، ئۆستەڭچى ۋە گۆركار ھېسابلىنىدۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۈنەر ـ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ كېتىۋاتقانلار مۇشۇلار.

**گۆركار ب:** ئادەم ئەلەيھىسسالامۇ ئېسىلزادە ھېسابلىنىدۇ؟

**گۆركار ئا:** ئەلۋەتتە ھېسابلىنىدۇ. روزىغار يىغىش ئىشلىرىغا ئۇنىڭ قالتىس ئېپى بار ئىكەن.

**گۆركار ب:** قانچىلىك ئېپى باردۇ؟

**گۆركار ئا:** ھوي، سەن بىر مۇرتەدمۇ نېمە؟«ئىنجىل»نى قانداق ئوقۇغانىدىڭ؟ «ئىنجىل»دا، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام يەر تېرىغان دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئېپى بولمىسا دېھقانچىلىق قىلالايتىمۇ؟ (ھاملېت بىلەن گوراتسىئو يىراقتا تۇرۇپ ئىككى گۆركارنىڭ ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلايدۇ)

**گۆركار ئا:** (ناخشا)

ياشلىقىمدا ئامراق ئىدىم ئاشنا ئويناشقا،
ئەجەب ئوبدان، كۆڭۈللۈك ئۆتكەن كۈنلىرىم.
ياۋاشلىقىنىڭ پايدىسى يوقكەنغۇ ئەسلا،

بۇ مەنىسىز كۇنلەردىن بەكمۇ زېرىكتىم.

**هاملېت:** بۇ كىشى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ، يەرلىك كولاۋېتىپ ناخشا ئېيتىۋاتقىنىنى قارا.

**گوراتسىئو:** ئۇ بۇ ئىشقا كۆنۈك، شۇڭا بىلىنمەيدۇ.

**گۆركار ئا:** (ناخشا)

تالاي يىللار ئۆتۇپ كەتتى ھەش ـ پەش دېگۇچە،
قىستاپ كەلدى قېرىلىقىم ھاڭنىڭ لېۋىگە.
سۇنايلىنىپ يېتىپ بىر كۇنى قالارمەن قېتىپ،
بۇ دۇنيادىن ئىمز ـ تىمزىم يىتۇر مەڭگۇگە.

(ئېيتىپ بولۇپ، باش سۆڭىكىدىن بىرنى يىراققا تاشلىۋېتىدۇ)

**هاملېت:** بۇ باش سۆڭىكىدە بۇرۇن ئېغىزمۇ بولغان، بەلكى ئۇمۇ ناخشا ئېيتقان بولغىيتتى.

**گوراتسىئو:** بەلكى شۇنداقتۇ، جانابلىرى.

**گۆركار ئا:** (ناخشا)

كەتمەن ـ گۇرجەك قوللىرىمدا، قازىمەن يەرلىك،
ئادەمزاتنىڭ جەسەتلىرى ياتار كېپەنلىك.
چوڭقۇر قېزىپ لەھەتنى قىلىمەن تەييار،
بۇ ماكانغا كېلىپ ياتار دائىم مېھمان بار.

**هاملېت:** مەن بېرىپ ئاۋۇ كىشى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي. ئاكا، بۇ كىمنىڭ يەرلىكى؟

**گۆركار ئا:** مېنىڭ، ئەپەندى...
چوڭقۇر قېزىپ لەھەتنى قىلىمەن تەييار،
بۇ ماكانغا كېلىپ ياتار دائىم مېھمان بار.

**ھاملېت:** بۇنىڭ ئىچىنى قالايمىقان قىلىپ يۇر-گىنىڭگە قاراپ، مەنمۇ سېنىڭمىكىن دەپ ئويلىغان.

**گۆركا ئا:** سىزمۇ سىرتتا جىم تۇرمايسىزغۇ، شۇڭا بۇ يەرلىك سىزنىڭ ئەمەس. مەن بۇ يەرلىكنىڭ ئىچىدە قالايمىقانچىلىق چىقارمىدىم، بىراق بۇ يەرلىك ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭكى.

**ھاملېت:** ئۆزۈڭ ئىچىدە ئىكەنسەن، يەنە ئۇنى مېنىڭكى دەيسەن، مۇشۇنىڭ ئۆزى «ئىچىدە قالايمىقان-چىلىق چىقارغانلىق» بولىدۇ. چۈنكى يەرلىك تىرىكلەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆلگەن ئادەم ئۈچۈن كولىنىدۇ، شۇڭا سېنى قالايمىقانچىلىق چىقاردى دېدىم. كىمنىڭ يەرلىكىنى كولاۋاتىسەن؟ ئەر كىشىما؟

**گۆركار ئا:** ئەر كىشى ئەمەس، ئەپەندى.

**ھاملېت:** ئەمىسە، ئايال كىشى ئىكەن ـ دە، ھە؟

**گۆركار ئا:** ئايال كىشىمۇ ئەمەس.

**ھاملېت:** ئەر كىشىمۇ بولمىسا، ئايال كىشىمۇ بولمىسا، بۇ يەرگە قويۇلىدىغان كىم ئەمىسە؟

**گۆركار ئا:** ئەپەندى، ئۇ ئەسلىي ئايال زاتى ئىدى، خۇدا ئۇنىڭ ئامانىتىنى ئالدى، ئۇ تۇگىدى.

**ھاملېت:** قارا، بۇ ئەبلەخنىڭ گەپنى ئىنچىكە

پەرقلەندۇرۇۋاتقىنىنى! خۇدا ھەققى، گوراتسىئو، مۇشۇ ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئادەملەر بارغانسېرى ئەقىللىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەقىل جەھەتتە دېھقان جېنىدا ئوردا ئەمەلدارلىرىغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇنى چوقۇۋالاي دەپ قالدى... گۆركارلىق قىلىۋاتقىنىڭغا نەچچە زامان بولدى؟

**گۆركار ئا:** مەن گۆركارلىقنى ھەزرىتى بۇزرۇك شاھىمىز هاملېت فورتىنبراسنى مەغلۇپ قىلغان كۈندىن بۇيان قىلىۋاتىمەن.

**هاملېت:** ئۇ قاچانقى ئىش؟

**گۆركار ئا:** شۇنىمۇ بىلمەمسىز، ئۇ — شاھزادە هاملېت دۇنياغا كەلگەن كۈن، ھېلىقى ساراڭ بولۇپ قېلىپ ئەنگلىيىگە كەتكۈزۈۋېتىلگەن هاملېتنى دەيمەن.

**هاملېت:** ھە، راست، ئۇنى نېمىشقا ئەنگلىيىگە كەتكۈزۈۋېتىپتۇ؟

**گۆركار ئا:** ساراڭ بولۇپ قالغاچقا بولمامدۇ. ئەنگلىيىگە بارغاندا ئۇنىڭ ساراڭلىقى ساقىيىپ كېتىدۇ. ساقايمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇياقلاردا ھېچ ۋەقەسى يوق.

**هاملېت:** سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟

**گۆركار ئا:** دانىيىنىڭ ئۆزىدىن كەلدىم. بۇ يەردە گۆركارلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىمغا ئوتتۇز يىل بولدى.

**هاملېت:** ئادەم يەرگە كۆمۈلۈپ قانچە زاماندىن كېيىن چىرىپ كېتىدۇ؟

**گۆركار ئا:** ناۋادا ئۇ ئۆلمەي تۇرۇپلا چىرىپ كەتـ-
مىگەن بولسا... تەخمىنەن سەككىز - توققۇز يىل ئىـ-
چىدە چىرىپ بولىدۇ.

**هاملېت:** كىم بىلىدۇ، كەلگۈسىدە بىزمۇ نېمىگە
ئايلىنىپ كېتىمىز. گوراتسىئو، تەسەۋۋۇر قىلىپ باقـ-
ساق، شۇ تاپتا ئالېكساندىرنىڭ جەسىتى پىۋا تۇڭلىرىـ-
نىڭ ئاغزىنى چاپلايدىغان لايغا ئايلىنىپ بولدىمۇ، تېـ-
خى؟

**گوراتسىئو:** توۋا، غەلىتىلا بىر گەپلەرنى قىلىدىـ-
ڭىزغۇ.

**هاملېت:** تىنچ، گەپ قىلما، يۇر، بىر چەتكە ئۆـ-
تۈۋالايلى، پادىشاھ كەلدى.

(ئالدىدا روھانىيلار، كەينىدىن ئوفېلىيەنىڭ مېيىت
ساندۇقىنى كۆتۈرگەنلەر، لائېرتۇس قاتارلىق ھازىدارلار،
پادىشاھ، خانىش ۋە ئۇلارنىڭ مۇلازىملىرى چىقىدۇ)

**هاملېت:** گوراتسىئو، خانىش ۋە ساراي ئەمەلدارـ-
لىرىمۇ كەپتۇ. ئۇلار كىمنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىپ
كەلدىكىنە؟ مېيىت ئۇزىتىش ھالىتىمۇ تازا جايىدا ئەـ-
مەسقۇ؟ قارىغاندا، ئۇ ئۆزى ئۆلىۋالغان، بىراق ناھايىتى
مەرتىۋىلىك كىشىدەك قىلىدۇ. يۇر، دالدىغا ئۆتۈپ قاـ-
رايلى، گوراتسىئو، ئاۋۇ ئېسىلزادە يىگىت لائېرتۇسقۇ.
قېنى ئاڭلاپ باقايلى.

**لائېرتۇس:** يەنە قانداق رەسمىيەتلەر بار؟

**روھانىي ئا:** ھېلىمۇ ئۇنى ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان رەسمىيەتلەر بىلەن دەپنە قىلىۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ناھايىتى گۇمانلىق. ئەگەر ھوقۇق، ھۆكۈمدىن قورقمىغان بولساق، ئۇ مۇقەددەس زاراتگاھلىقنىڭ سىرتىدا ياتقان بولاتتى، ئۇنىڭغا ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، تېخى قەبرىسى ئۈستىگە تاش ـ كېسەكلەرنى دۆۋىلەپ قويغان بولاتتۇق. شۇ تاپتا ئۇنى يۈزى ئېچىلمىغان مەسۇمە قىز قاتارىدا دەپنە قىلىشقا قوشۇلدۇق، ئۈستىگە يېڭى ئېچىلغان گۈللەرنىمۇ چې- چىۋاتىمىز. ماتەم كۈيىمۇ ئورۇنىدالدى. مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟


**لائېرتېس:** يەنە باشقا قائىدىلەرنى ئورۇنداشقا بول- مامدۇ؟

**روھانىي ئا:** ياق، ئەمدى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەنلەرگە قىلغانغا ئوخشاش روھ ئارام مەرسىيەسىنى ئوقۇساق، ئۇ چاغدا دىنىمىزغا ھاقارەت قىلغان بولىمىز.

**لائېرتېس:** ئۇنى يەرلىككە قويۇڭلار. ئۇنىڭ بىغۇبار، نازۇك تېنىدىن خۇش پۇراق رەخسىگۈللەر ئۈنۈپ چىق- قاي، ساڭا دەپ قوپاي پەسكەش روھانىي، مېنىڭ سىڭ- لىم چوقۇم پەرىشتىگە ئايلىنىدۇ. سەن ئۆلسەڭ دوزاختا تۇتۇرۇق بولىسەن.

**ھاملېت:** نېمە؟ بۇ گۈزەل ئوفېلىيە ئوخشىمامدۇ؟

**خانىش:** گۈل ـ چېچەكنى پەرىزاتنىڭ ئۈستىگە



چاچماي نەگە چاچىدۇ؟ ئەلۋىدا ئوفېلىيە! ئەسلىدە سېنى ئوغلۇم ھاملېتنىڭ جۈپتى بولار دەپ ئويلىغۇدىم، بۇ گۈللەر چىمىلدىقىڭغا چېچىلسا بولاتتى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ قەبرەڭگە چېچىلىشىنى كىم ئويلىغان!

**لائېرتېس:** سېنى مۇشۇ كويغا سېلىپ تۈگەتكەن لەنىتى ئەبلەخنىڭ بېشىغا ھەسسىلەپ بالايىئاپەت ياغ-دۇرار ئىلاھىم! توختاپ تۇرۇڭلار، مەن ئۇنى يەنە بىر قۇچاقلىۋالاي، توپا تاشلىماي تۇرۇڭلار. (لەھەتنىڭ ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈپ، ئوفېلىيەنىڭ مېيىت ساندۇقى ئۈستىدە يېتىۋالىدۇ) ئەمدى ئۆلۈك بىلەن تىرىك تەڭلا كۆمۈلەيلى، قېنى توپا تاشلاڭلار. بۇ يەردە ئېگىز بىر تاغ پەيدا بولسۇن.

**ھاملېت:** (ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، لەھەتكە سەكرەپ چۈشىدۇ) بۇنداق ئېغىر ھەسرەتنى كۆتۈرۈشكە كىمنىڭ يۈرىكى چىدايدۇ؟ كىمنىڭ ئاھۇ-پىغانلىرى ئاسمان سەييارىلىرىنىمۇ جايىدا قاتۇرۇپ قويالايدۇ؟ بۇ مەن، دانىيە شاھزادىسى ھاملېت!

**لائېرتېس:** ئىلاھىم، جېنىڭنى ئالۋاستى ئالغاي! (ھاملېتنىڭ ياقىسىدىن ئالىدۇ)

**ھاملېت:** ياقامغا ئېسىلما، مەن ئاچچىقىم يامان ئادەم ئەمەس، لېكىن ئاچچىقىم كېلىپ قالسا تولىمۇ خەتەرلىك. قولۇڭنى تارت!

**پادىشاھ:** ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويۇڭلار!

**خانىش:** هاملېت! هاملېت!

**گوراتسىئو:** شاھزادەم، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا.

(مۇلازىملار ئۇلارنى ئاجرىتىۋېتىدۇ، ئىككىسى لەھەتتىن چىقىدۇ)

**هاملېت:** ھەي، مەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بىلەن دۇئېلغا چۈشمەي قويمايمەن، مەيلى بۇنىڭدىن كېيىن يورۇق دۇنيانى كۆرمەيدىغان ئىش بولسىمۇ.

**خانىش:** ئاھ، جېنىم بالام! نېمە سەۋەبتىن؟

**هاملېت:** مەن ئوفېلىيەنى سۆيىمەن. قىرىق مىڭ قېرىنداشنىڭ مۇھەببىتىنى بىرلەشتۇرسىمۇ، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمگە يەتمەيدۇ.

**پادىشاھ:** ھوي، ئۇ دېگەن ساراڭ، لائېرتوس.

**خانىش:** خۇدا ھەققى، ئۇنىڭ گېپىگە چىنپۇتمەڭ.

**هاملېت:** ھىم، سېنىڭ نېمە ئىش قىلالايدىغانلىقىڭنى كۆرۈپ باقاي. يىغلامسەن؟ سوقۇشامسەن؟ ئاچلىق ئېلان قىلامسەن؟ تېنىڭنى پارە ـ پارە قىلىۋېتەمسەن؟ مانا مەن قىلىمەن. ئوفېلىيەنىڭ يەرلىكىگە مېنى ھاقارەتلەش ئۈچۈن چۈشكەنمىدىڭ؟ سەن ئۇنىڭ بىلەن تىرىك كۆمۈلەلىسەڭ، مەنمۇ تىرىك كۆمۈلەلەيمەن.

**خانىش:** ئۇنىڭ كېسىلى تۇتقاندا مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ. بىرئازدىن كېيىن تىنچلىنىدۇ.

**هاملېت:** ئاڭلا، بۇرادەر، ماڭا نېمىشقا بۇنداق مۇئامىلە قىلىسەن؟ مېنىڭ ساڭا ئەزەلدىن ھۆرمىتىم بار ئىدى. بولدى، بۇ گەپنى قويايلى، قولىدىن كېلىدىغانلىكى



بولسا، نېمە ئىش قىلغۇسى كەلسە، شۇنى قىلىۋەرسۇن، مۇشۇك دېگەن مىياڭلايدۇ، ئىت دېگەن قاۋايدۇ. (چىقىپ كېتىدۇ.)

**پادىشاھ:** گوراتسىئو، ئۇنىڭ كەينىدە ماڭغىن. (لائوتۇسقا) ئاخشام دېيىشكىنىمىز ئېسىڭدە بولسۇن. ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. پات پۇرسەتتە دېگىنىمىزنى قىلىمىز. ئەمدى ئىشلارنى يۈرەكنى توختىتىۋېلىپ ئورۇنلاشتۇراي.

# 16. قەلئەدىكى زال

(هاملېت بىلەن گوراتسىئو كىرىدۇ)

**هاملېت:** ئەمدى ساڭا يەنە بىر ئىشنى دەپ بېرەي، ئەينى چاغدىكى ئىشلار ئېسىڭدىمۇ؟

**گوراتسىئو:** ئېسىمدە، جانابلىرى!

**هاملېت:** شۇ چاغدا كاللامدا نەچچە خىل خىيال جەڭ قىلىپ، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئويلىسام ئەھۋالىم ناھايىتى چاتاق، شۇڭا بىر قاراملىق قىلماقچى بولدۇم. شۇنداق قىلىپ توغرا قىپتىكەنمەن. شۇنىڭغا ئىقرار بولۇشىمىز كېرەككى، بەزىدە قاراملىق قىلىپمۇ تولا ئويلاپ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغان ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىكەن. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بىز بەزى ئىشلاردا جىق كاللا قاتۇرۇپ كېتىمىز، لېكىن ئۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى كۆزگە كۆرۈنمەس بىر قۇدرەت ئىگىسى تەرىپىدىن ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولىدۇ.

**گوراتسىئو:** بەرھەق، بۇنىڭدا شەك ـ شۇبھە يوق.

**هاملېت:** مەن كېمىدىكى بۆلمەمدىن چىقىپ، ماتروسلارنىڭ كەڭ كىيىمىنى ئۇچامغا يېپىندىم ـ دە، ئاندىن قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ھېلىقى مەكتۇپنى

ئىزدىدىم، تەلىيىمگە ئۇ نەرسە قولۇمغا چىقىپ قالدى، ئۇنى ئېلىپ جايىمغا قايتىپ كىردىم. گۇمان ماڭا ئەدەپنىمۇ ئۇنتۇغۇزدى، يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ مەكتۇپنى ئاچتىم. ئۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى جىددىي بۇيرۇق بار ئىكەن، بۇيرۇقنىڭ بېشىدا تولىمۇ چىرايلىق باھانە-سەۋەبلەر كۆرسىتىلىپ، ئاخىردا دانىيىنىڭمۇ، ئەنگلىيىنىڭمۇ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا، مېنى—بۇ رەزىل ئادەمنى قاچۇرۇۋەتمەي، مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغان هامان دەرهال كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار دېيىلىپتۇ.

**گوراتسىئو:** بۇنداق ئىشمۇ بارمىكەن؟

**هاملېت:** ئۇ مەكتۇپ مانا، چولاڭ تەگكەندە ئالدىرىماي كۆرەرسەن. ئەمدى كېيىن قانداق قىلغانلىقىمنى دەپ بېرەيمۇ؟

**گوراتسىئو:** دەپ بېرىڭ.

**هاملېت:** بۇ خەتەرلىك پەيتتە، ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئىش باشلىدىم. مەن ئولتۇرۇپ خەتنى دانىمۇدانە قىلىپ باشقا بىر مەكتۇپ يازدىم. مەكتۇپقا نېمىلەرنى يازدىم، بىلەمسەن؟

**گوراتسىئو:** هە سۆزلەڭ، جانابلىرى.

**هاملېت:** مەن پادىشاهنىڭ نامىدىن ئەنگلىيە پادىشاهىغا سەمىمىي تىلەكلەرنى يېزىپ، ئۇنىڭغا ئەنگلىيىنىڭ بىزگە ئولپان تۆلەيدىغان دۆلەت ئىكەنلىكى،

ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇقى پالما دەرىخىگە ئوخشاش گۈللەپ ياشنىشى كېرەكلىكى، تىنچلىق ئىلاھى شەرەپ گۈلتاجىسىنى مەڭگۈ بېشىدىن چۈشۈرمەي، ئىككى دۆ-لەتنىڭ رىشتىسىنى باغلاپ تۇرىدىغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئاساسلارنى قويۇپ، ئۇنىڭدىن مۇشۇ مەكتۇپنى كۆرگەن هامان، دەرھال مەكتۇپ ئاپارغان ئىككى كىشىنى ئۆلتۈرۈشنى، ئۇلارغا تووۋا قىلىدىغان ۋاقىتمۇ بەرمەسلىكنى تەلەپ قىلدىم.

**گوراتسىئو:** بىراق پادىشاھنىڭ مەكتۇپىغا مۆھۈر بېسىلمىسا بولمايتتىغۇ، ئۇنى قانداق قىلدىڭىز؟

**ھاملېت:** مانا مۇشۇ ئىشتىمۇ تەڭرىنىڭ ھەممە ئىشنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى كۆرۈ-ۋالغىلى بولىدۇ. مېنىڭ يېنىمدا ئاتامنىڭ مۆھۈرى بار ئىدى. ئۇ دانىيە پادىشاھىنىڭ مۆھۈرى بىلەن ئوخشاش. شۇنداق قىلىپ ئۆزۈم يازغان مەكتۇپنى بۇرۇنقىدەك قاتلاپ، ئىمزا قويۇپ، مۆھۈرنى بېسىپ يەنە لىپاپىغا سېلىپ، قىلچە چاندۇرماي جايىغا قويۇپ قويدۇم. ئەتە-سى دېڭىز قاراقچىلىرىغا ئۇچرىدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن-كى ئىشلار ساڭىمۇ مەلۇم.

**گوراتسىئو:** دېمەك، گىردىستون بىلەن روسىنكران ئۆلۈمگە مىڭىپتۇ ـ دە!

**ھاملېت:** ھەي دوستۇم، ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تىلەپ تاپقان ئىش. بۇ جەھەتتە مېنىڭ ۋىجدان ئازابى

چىكىدىغان يېرىم يوق، ئۇلار ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا چىقتى. ئىككى كۈچلۈك رەقىب شىددەتلىك ئېلىشى-ۋاتقان چاغدا، ئاجىز بىر مەخلۇق ئۆزىنى چاغلىماي ئارىغا كىرىۋالسا، خەتەرلىك ئاقىۋەت تۇغۇلىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇ.

**گوراتسىئو:** پادىشاھنىڭ ئۇنداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن.

**ھاملېت:** ئويلاپ باقە، ئۇ شاھ ئاتامنى ئۆلتۈردى، ئانامنى دەپسەندە قىلدى. مېنىڭ مىراسخورلۇق ھوقۇ-قۇمنى تارتىۋالغان، ھەم مېنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەن ئەبلەختىن، ۋىجدانەن ئېيتقاندا، ئۆز قولۇم بىلەن قى-ساس ئالماي بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ يەنە شۇملۇق قىلى-شىغا يول قويسام، ئۇ چاغدا تەڭرىنىڭ قەھرىگە ئۇچرى-مامدىم؟

**گوراتسىئو:** ئۇزاق ئۆتمەي ئەنگلىيىدىن خەۋەر كەلسە، ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقىنى شاھ ئۇقۇپ قالى-دۇ.

**ھاملېت:** ۋاقىت ناھايىتى قىس، لېكىن مەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيمەن. «بىر» دەپ بولغۇچە بىر ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ بولغىلى بولىدۇ. لېكىن شۇنىڭغا پۇشايمان قىلىمەنكى، گوراتسىئو، لائېرتىسنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى تۇتالماي قاپتىمەن. چۈنكى ئۇنىڭ دۇچ كەلگەن پاجىئەسى دەل مېنىڭ سايەم ئىدى. مەن ئۇنىڭ

كۆڭلىنى ئېلىشىم كېرەك ئىدى. بىراق ئۇ مۇسىبەت ئازابىنى بەك مۇبالىغە قىلىۋەتتى، بولمىسا ئۇنداق سەپرا مىجەزلىك قىلمىغان بولاتتىم.

**گوراتسىئو:** سۆزىڭىزنى توختىتىڭ. بىرى كېلىۋاتامدۇ ـ نېمە؟ (ۋەزىر ئوزرىك چىقىدۇ)

**ئوزرىك:** جانابلىرى، دانىيىگە قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى قارشى ئالىمىز!

**هاملېت:** رەھمەت سىزگە، تەقسىر.

**ئوزرىك:** جانابلىرى، مەن ئالىيلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن سىزگە بىر گەپنى يەتكۈزگىلى كېلىۋىدىم.

**هاملېت:** تەقسىر، قېنى، قانداق پەرمان بولسا ئاڭلاي.

**ئوزرىك:** جانابلىرى، شاھ ھەزرىتىم مېنى سىزگە بىر گەپنى ئېيتىپ قويغىلى ئەۋەتكەن، شاھىمىز سىز ئۈچۈن بىر دوغا چىقىپتۇ جانابلىرى، بۇ مۇنداق گەپ.... لائېرتۇس يېقىندا ئوردىغا يېنىپ كەلدى، ماڭا ئىشىنىڭ جانابلىرى، ئۇ مۇكەممەل بىر يىگىت بولۇپ كەپتۇ، ئۇ مىجەزى بەك مۇلايىم، ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىت، يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلسام، ئۇنى ئېسىلزادىلەرنىڭ كۆزى دېسەك بولغۇدەك. چۈنكى ئۇنىڭدا يىگىتلەردە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇجەسسەم بوپتۇ.

**هاملېت:** تەقسىر، ئۇنى جىق سۇرەتلىدىڭىز، ئۇ ھەقىقەتەن شۇنىڭغا مۇناسىپ، ئۇنى چىن دىلىمدىن سۆيەتتىم، ئۇ ئىستىبدات، ئەخلاق بابىدا كامالەتكە يەتكەن. تىغۋازلىقتىمۇ ئۇنداق يېتۈك يىگىت كەم تېپىلىدۇ. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى پەقەت ئۇ قارىغان ئەينەكتىنلا تېپىش مۇمكىن. ئۇنى ئۆزىنىڭ سايىسىدىن بۆلەك ھېچكىم دورىيالمايدۇ.

**ئوزرىك:** بۇ گەپلەرنى ناھايىتى توغرا دېدىڭىز، جانابلىرى.

**هاملېت:** ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمىنى چىقىرىشىڭىزدىكى مەقسەت نېمە؟

**ئوزرىك:** دېمەكچى بولغىنىم، لائېرتىسنىڭ بەزىبىر ئارتۇقچىلىقىنى سىز بىلمەيسىز ئەمەس...

**هاملېت:** مەن بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن، بولمىسا خەق مېنى ئۆزىگە سېلىشتۇرۇپ يۇرۇپتۇ دەپ قالىدۇ. لېكىن ئۆزگىنى تېگى-تەكتىگىچە بىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىنى بىلىش كېرەك.

**ئوزرىك:** جانابلىرى، مەن ئۇنىڭ ئەلەمگە ماھىر تەرىپىنى دەۋاتىمەن، ئۇنى بۇ جەھەتتە كىشىلەر تەڭدىشى يوق دەپ ماختايدۇ.

**هاملېت:** ئۇ قانداق قورال ئىشلىتىدىكەن؟

**ئوزرىك:** قىلىچ ۋە خەنجەر.

**هاملېت:** ئۇ شۇ ئىككى خىل قورالنى ئىشلىتىشكە

ماھىرمىكەن؟ ناھايىتى ياخشى.

**ئوزرىك:** جانابلىرى، شاھ ھەزرىتىم بابىل ئېتىدىن ئالتىنى تىكتى، ئۇنىڭ تەرىپىدىن مېنىڭ بىلىشىمچە، فرانسۇز قىلىچ ـ خەنجىرىدىن ئالتىنى تىكىشتى.

**ھاملېت:** خوش، سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ، بابىل ئېتىدىن ئالتىگە فرانسۇز قىلىچىدىن ئالتە، فرانسىيىنىڭ نەرسىسىگە دانىيىنىڭ نەرسىسى، خوش، «تىكىشتى» دېگەن گېپىڭىزنى تەكرارلايلى، مەقسەت؟

**ئوزرىك:** جانابلىرى، شاھ ھەزرىتىم ئۇنىڭغا، ئەگەر ئىككىڭلار قىلىچ بىلەن تۇتۇشقاندا، يىگىرمە قېتىم ئېلىشىشتا، سەن كۆپ بولسا ئۇنى ئۈچ قېتىم ئۇتالىساڭ بولدى، مەن ئۇتتۇرغانغا ھېساب، دېدى. ئۇ توققۇز قېتىم ئۇتىمەن دەۋاتىدۇ. جانابلىرى ئەگەر قوشۇلسىڭىز، دەرھال بېرىپ سىناپ بېقىڭ.

**ھاملېت:** ناۋادا مەن «ياق» دېسەمچۇ؟

**ئوزرىك:** جانابلىرى، مەن سىزنى بىر كۈچ سىنىشىپ باقسۇنمىكىن دېۋىدىم.

**ھاملېت:** تەقسىر، مەن بۇ زالدا يەنە بىردەم سەيلە قىلماقچىمەن، بېرىپ شاھ ئالىيلىرىغا ئېيتىڭ، ھازىر مېنىڭ ئارام ئېلىش ۋاقتىم. ئۇلار مۇسابىقىدە ئىشلىتىدىغان قىلىچلارنى تەييارلاپ قويسۇن. ئەگەر ئۇ يىگىت خالىغان بولسا، شاھ ھەزرەتمۇ پىكرىدىن يانمىغان بولسا، بوپتۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قېتىم غەلىبە قىلىپ

بىرەي. ئالىمادىس مەغلۇپ بولۇپ كەتسەم، ئۇ چاغدا يۇ-زۇم تۆكۈلەر شۇ، ئۇنىڭغا ئازراق زىيان سالارمەن، خالاس.

**ئوزرىك:** ئەمىسە بىرىپ مۇشۇ جاۋابنى يەتكۈزەم-دىم؟

**ھاملىت:** ئىشقىلىپ شۇ مەزمۇندا جاۋابىمنى يەت-كۈزۈپ قويۇڭ، بۇنىڭغا يەنە قانداق چىرايلىق گەپلەرنى قوشۇۋالسىڭىزمۇ ئىختىيارىڭىز.

**ئوزرىك:** خىزمىتىڭىزدە بولۇشقا ھۆددە قىلىمەن، جانابلىرى.

**ھاملىت:** ياق، ئەرزىمەيدۇ. (ئوزرىك چىقىپ كې-تىدۇ) (بىر ئاقسۆڭەك كىرىدۇ)

**ئاقسۆڭەك:** جانابلىرى، شاھ ئالىيلىرى ھېلى ئوزرىكنى قېشىڭىزغا كىرگۈزۈپتىكەن، سىزنى بۇ يەردە پەرمان كۈتۈپ تۇرىدۇ، دەپ ئاڭلاپ يەنە مېنى كىرگۈزدى، لائېرتىس بىلەن راست كۈچ سىنىشىپ باقامدىكەن ياكى ئويلىنىپ كېيىن جاۋاب بېرەمدىكەن دەيدۇ.

**ھاملىت:** مەن بايىقى گېپىمدىن يانغىنىم يوق، شاھ ھەزرىتىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىمەن. ھازىر بول-سىمۇ مەيلى، كېيىن بولسىمۇ مەيلى، ئىشقىلىپ ئۇ مۇۋاپىق تاپقان ۋاقىتتا مەن تەييار، پەقەت ھازىرقى كۈچ ـ قۇدرىتىمنى يوقىتىپ قويمىساملا بولدى.

**ئاقسۆڭەك:** پادىشاھ، خانىش ۋە باشقىلار مۇشۇ يەرگە چىقماقچى بولۇپ قالدى.

**هاملېت:** ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ.

**ئاقسۆڭەك:** خانىش ئايىم سىزنى مۇسابىقە باشلىنىشتىن بۇرۇن لائېرتىسقا بىرنەچچە ئىغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ قويسۇن دەيدۇ.

**هاملېت:** ئۇنىڭ سۆزىنى قۇلىقىمدا تۇتىمەن. (ئاقسۆڭەك چىقىپ كېتىدۇ)

**گوراتسىئو:** جانابلىرى، بۇ ئېلىشىشتا يېڭىلىپ قالارسىزمىكىن؟

**هاملېت:** ياق، يېڭىلمەيمەن، ئۇ فرانسىيىگە كەتكەندىن بۇيان مەن جىق مەشىق قىلدىم، مەن چوقۇم ئۇنى مەغلۇپ قىلالايمەن. لېكىن سەن بىلمەيسەن، شۇ تاپتا كۆڭلۈم بەك بىئارام بولۇپ تۇرىدۇ. بولدى، دېمەيلا قوياي.

**گوراتسىئو:** جانابلىرى، ئەگەر كۆڭلىڭىز تارتمايۋاتقان بولسا، بولدى، مۇسابىقىگە چۈشمەڭ. مەن بېرىپ سىزنى مۇسابىقىگە هازىر چۈشمەيدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇپ قوياي، ئۇلار بۇ يەرگە كەلمىسۇن.

**هاملېت:** ياق، مەن قورقمايمەن. قۇشقاچنىڭ قاچانغىچە ياشاپ، قاچان ئۆلىدىغانلىقىمۇ پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ بولغان. بۈگۈنگە پۈتۈلگەن ئىكەن، هەرگىز ئەتە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەتە بولمىسا، بۈگۈن بولىدۇ. بۈگۈندىن قېچىپ قۇتۇلسىمۇ، ئەتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، ئىشقىلىپ هەمىشە تەييار بولۇپ تۇرغان

ياخشى. ئادەم بۇ دۇنيادىن ئايرىلىش ئالدىدا، پەقەت هېچنېمىسى قالمايدۇ. شۇڭا بالدۇرراق كەتكىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ قېنى، بولىدىغىنى بولسۇن.

## 17. قەلئەدىكى زال

(پادىشاھ، خانىش، ئاقسۆڭەكلەر، لائوتۇس، ئوزرىك ۋە مۇسابىقە قىلىچلىرىنى كۆتۈرگەن مۇلازىملار كىرىدۇ)

**پادىشاھ:** كەل ھاملېت، كەل لائوتۇس، مەن ئىككىڭلارنى ياراشتۇرۇپ قوياي. (لائوتۇس بىلەن ھاملېتنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشتۈرىدۇ)

**ھاملېت:** مېنى كەچۈرگىن لائوتۇس، مەن چىشىڭغا تېگىپ قويدۇم. ئەگەر سەن ھەقىقىي يىگىت بولساڭ، مېنى ئەپۇ قىلغىن. مەن كۆڭلۈڭگە تېگىدىغان، ئابرۇيۇڭغا زىيان سالىدىغان ئىش قىلىپ غەزىپىڭنى قوزغاپ قويدۇم. بۇ، ساراڭلىقىم تۇتقاندا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىم. ئەگەر ھاملېت ئەقلىدىن ئازغان چېغىدا لائوتۇسقا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ھاملېتنىڭ قىلغان ئىشى ئەمەس، ئۇنى ئۇنىڭ ساراڭلىقى قىلغان. شۇنداقكەن، ھاملېتمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ بىرى. بىلمەي ئېتىپ سالغان ئوق بىلەن قېرىندىشىمنى يارىلاندۇرۇپ قويدۇم، مەن كۆپچىلىك ئالدىدا بۇنىڭغا ئىقرار. ھازىر سەندىن كەڭ قورساقلىق قىلىپ مېنىڭ قەستەن قىلمىغان گۇناھىمنى كەچۈرۈشۈڭنى ئىلتىماس قىلىمەن.

**لائوتۇس:** بۇ ئىش ئۈچۈن كۆڭلۈم ئەسلىدە ئۆچ ئېلىشقا دالالەت قىلىپ تۇراتتى، ئەمدى كۆڭلۈم قانائەت ھاسىل قىلدى. لېكىن بۇ يەردە يەنە ئابرۇي مەسىلىسىمۇ بار. پۈتۈن ئەل باش قويىدىغان بىر ئاقساقال ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇنىڭغا ئاداۋەت ساقلاش كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ھالىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك، بۇ ئىش ئابرۇيۇڭنى چۈشۈرمەيدۇ، دەپ پەتىۋا بەرمىگۈچە سەن بىلەن يارىشىش نىيىتىممۇ يوق ئىدى. ھازىر سەن ئاۋۋال ماڭا دوستانىلىك كۆرسەتتىڭ، بوپتۇ، مەن كۆڭلۈڭنى قوبۇل قىلاي.

**ھاملېت:** سېنىڭ سەمىمىي نىيىتىڭگە مۇتلەق ئىشىنىمەن. سەن بىلەن دوستانە مۇسابىقىگە چۈشسەم چۈشەي. قېنى قىلىچ كەلتۈرۈڭلار.

**لائوتۇس:** ماڭا بىرنى.

**ھاملېت:** لائوتۇس، ماڭا قىلىچۋازلىقنى تاشلىۋەتكىلى ئۇزۇن بولدى، پەقەت ساڭا ئانچە ـ مۇنچە ھەپىلىشىپ بېرەلەيمەن. ئىككىمىزنى سېلىشتۇرغاندا، سېنىڭ يۈكسەك ماھارىتىڭ خۇددى قاراڭغۇ كېچىدە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزدەك نۇر چاقنىتىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن سېنىڭ ماھارىتىڭنىڭ ناھايىتى ئۈستۈنلۈكى چىقىپ تۇرىدۇ.

**لائوتۇس:** مېنى زاڭلىق قىلمىغىن، شاھزادە.

**ھاملېت:** ياق، ئەزبىرايى خۇدا، بۇ سېنى زاڭلىق

قىلمىۋاتقىنىم ئەمەس.

**پادىشاھ:** قىلىچلارنى ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بې-رىڭ. ھاملېت جىيەنىم، مېنىڭ نېمە تىككەنلىكىمنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

**ھاملېت:** ئاڭلىدىم، ئالىيلىرى، لېكىن سىز ئا-جىز تەرەپ ئۈچۈن دوغا چىقىپ قويۇپسىز.

**پادىشاھ:** مېنىڭچە، مېنىڭ ھۆكۈمۈم خاتا چىق-مايدۇ. مەن ئىككىڭلارنىڭلا ھۈنىرىنى كۆرگەن، لېكىن كېيىن ئۇ بىر - ئاز ئالغا بېسىپ قالدى. شۇڭا ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم كۆپرەك يەڭسەڭلا بولىدۇ، دېدىم.

**لائېرتىس:** ماۋۇ قىلىچ بەك ئېغىر ئىكەن، باشقا بىرنى ئالماشتۇرۇپ بېرىڭ.

**ھاملېت:** بۇ قىلىچ ماڭا ياردى، ھەممىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوخشاشتۇ.

**ئوزرىك:** شۇنداق، جانابلىرى. (ئىككىسى قىلىچ-ۋازلىققا چۈشۈشكە تەييارلىنىدۇ)

**پادىشاھ:** مەن ئۈچۈن ئۈستەلگە بىرنەچچە قەدەھ شاراب كەلتۈرۈڭلار. ھاملېت بىرىنچى، ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئېلىشىشتا غەلىبە قىلسىمۇ، دەرھال ھەممە قورغانلاردا توپ ئېتىلسۇن، شاھ ئۇنى شاراب بىلەن مۇبارەكلەيدۇ. ئۇ يەنە قەدەھكە دانىيىنىڭ تۆت ئەۋلاد پا-دىشاھى تاجىغا تاقىغان مەرۋايىتتىن تېخىمۇ ئەتىۋارلىق بولغان مەرۋايىتنى سېلىپ قويىدۇ. قەدەھنى ماڭا بېرىڭلار.

دۇمباق ئۇرۇلۇشى بىلەنلا، كاناي ـ سۇناينى ياڭرىتىپ سىرتتىكىلەرگە مەلۇم قىلىڭلار، توپنى يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۇرگۇدەك ئېتىپ بۇ خەۋەرنى جاھانغا ئايان قىلىسۇن. «شاھ شۇ تاپتا ھاملېت ئۇچۇن قەدەھ كۆتۈردى!» قېنى، مۇسابىقە باشلانسۇن، رېپىرلار ھوشيار تۇرۇڭلار. (ئىككىسى قىلىچۋازلىققا چۈشۈشكە تەييارلىنىدۇ)

**ھاملېت:** قېنى، ئەمىسە.

**لائېرتېس:** قېنى، ئەمىسە، جانابلىرى.

**ھاملېت:** مانا، بىر.

**لائېرتېس:** ياق، تەگمىدى.

**ھاملېت:** قېنى رېپىرلار ھۆكۈم قىلسۇن.

**ئوزرىك:** تېگىپتۇ، ناھايىتى روشەن.

**لائېرتېس:** قېنى ئەمىسە يەنە بىر قېتىم.

**پادىشاھ:** توختاڭلار. شاراب كەلتۇرۇلسۇن، ھاملېت، بۇ مەرۋايىت سىنىڭ بولدى. ساڭا سالامەتلىك تىلەيمەن، قېنى بۇ بىر قەدەھ شارابنى ئۇنىڭغا تۇتۇڭلار. (كاناي ـ سۇنايلار چېلىنىدۇ، توپ گۈلدۈرلەيدۇ)

**ھاملېت:** مەن ماۋۇ قېتىمقى ئېلىشىشنى تۈگىتەي، ھازىرچە شارابنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرۇڭلار! قېنى (ئىككىسى داۋاملىق ئېلىشىدۇ).

**ھاملېت:** يەنە زەربە يېدىڭ، شۇنداقمۇ؟

**لائېرتېس:** ھەئە، ئۇچى تەگدى.

**پادىشاھ:** بىزنىڭ ئوغلىمىز چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

**خانىش:** ھاملېت، قولياغلىقىمنى ئېلىپ پېشانەڭدىكى تەرنى سۈرتىۋال. سېنىڭ غەلىبەڭنى قۇتلۇقلاپ، بۇ قەدەھنى مەن كۆتۈرىۋېتەي.

**ھاملېت:** جېنىم ئانا!

**پادىشاھ:** گېترۇت، ئىچمە.

**خانىش:** مەن ئىچىۋەتتىم، كەچۈرۈڭ، ئالىيلىرى.

(خانىش رومكىنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىدۇ)

**پادىشاھ:** بەك كېچىكتۇق!

**ھاملېت:** ئانا، شارابقا ھازىر چولام تەگمەيدۇ، سەل تۇرۇپ ئىچەي.

**خانىش:** مەيەرگە كەل، تەرىڭنى سۈرتۈۋېتەي.

**لائېرتېس:** ئالىيلىرى، ئەمدى چوقۇم ئۇنىڭغا زەربە بېرىمەن.

**پادىشاھ:** ھەي، بېرەلمەي قالارسەنمىكىن.

**لائېرتېس:** بۇنىڭغا ۋىجدانىم يول قويمايۋاتىدۇ.

**ھاملېت:** قېنى، ئۈچىنچى مەيداننى باشلايلى، لائېرتېس، ئەجەب كۈچىيەلمەيسەنغۇ، ماھارىتىڭنى تولۇق ئىشقا سالغىنە.

**لائېرتېس:** شۇنداق ئويلاۋاتامسىز؟ قېنى، باشلىدۇق.

(ئىككىسى تۇتۇشىدۇ)

**ئوزرىك:** ئىككىلا تەرەپ زەربە بېرەلمىدى.

**لائېرتېس:** مانا، ماۋۇ زەربىنى كۆرۈپ قوي! (لائېرتېس هاملېتنى قىلىچ سانجىپ يارىلاندۇرىدۇ، ئىككىسى گىرەلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ قىلىچىنى تارتىۋالىدۇ. هاملېت قولىغا چۈشكەن قىلىچ بىلەن لائېرتېسنى يارىلاندۇرىدۇ)

**پادىشاھ:** ئاجرىتىۋېتىڭلار، ئۇلار راستتىنلا تۇتۇشۇپ قالدى.

**هاملېت:** كېلە، يەنە بىر قېتىم ئېلىشىمىز. (يەرگە يىقىلىدۇ، هاملېت بىلەن لائېرتېس ئىككىلىسىدىن قان ئاقىدۇ)

**گوراتسىئو:** نېمە بولۇۋاتىسىز، جانابلىرى؟

**ئوزرىك:** نېمە بولۇۋاتىسىز، لائېرتېس؟

**لائېرتېس:** هەي... ئوزرىك، قاراپ تۇرۇپ تۇزاق قۇرۇپ، ئۆزگىگە قەست قىلىمەن دېسەم، يېنىپ ئۆزۈمنىڭ بېشىغا كەلدى. هەي...ئۆزۈم كولىغان ئورىغا ئۆزۈم چۈشتۈم ـ دە!

**ئوزرىك:** ۋاي خۇدايىم، خانىشقا نېمە بولغاندۇ؟! (خانىشمۇ يەرگە يىقىلىدۇ)

**هاملېت:** خانىش ئانامغا نېمە بولدى؟

**پادىشاھ:** سىلەرنىڭ قان تۆكۈشكىنىڭلارنى كۆرۈپ هوشىدىن كەتتى.

**خانىش:** ياق، يالغان! شاراب، هېلىقى شاراب... ئاھ، جېنىم هاملېت! هېلىقى شاراب... هېلىقى... مەن زە-

ھەرلەندىم. (ئۆلىدۇ)

**ھاملېت:** بولۇڭلار، ئىشىكلەرنى تاقاڭلار! بۇ سۇيىقەستنى كىم قىلغانلىقىنى تاپايلى! (لائېرتوسمۇ يەرگە يىقىلىدۇ)

**لائېرتوس:** قاتىل مەشەدە، ئەمدى سەنمۇ ياشىيالمايسەن ھاملېت! بۇ دۇنيادا سېنى ساقلاپ قالىدىغان دورا يوق، يېرىم سائەتكە بارمايلا جان بېرىسەن. قاتىللىق قورالى ئۆزۈڭنىڭ قولىدا، ئۇنىڭ ئۇچىغا زەھەر سۈرتۈلگەن. بۇ رەزىل سۇيىقەست مېنىڭ بېشىمغىمۇ چىقتى، مانا ئەمدى مەنمۇ مۇشۇ ياتقانچە تۇگەيمەن. ئاناڭمۇ زەھەر ئىچتى. مەن گېپىمنى تۇگىتەلمەيدىغان ئوخشايمەن. شاھ.... شاھ.... ھەممە جىنايەتنى قىلغان شۇ.

**ھاملېت:** قىلىچقا زەھەر سۈرتۈلگەن!.... ياخشى... ئەي، زەھەر قۇدرىتىڭنى كۆرسەت! (پادىشاھقا قىلىچ ئۇرىدۇ)

**پادىشاھ:** ۋاي، ماڭا ياردەم قىلىڭلار، دوستلار، مەن ئازراق يارىلاندىم.

**ھاملېت:** ھەي، دانىيىنىڭ مۇناپىق شاھى! نائەھلىلىكتە ئۇچىغا چىققان، خۇنخور، ياۋۇز ئەبلەخ! ماۋۇ قەدەھتىكى زەھەرنىڭ قالغىنىنى ئۆزۈڭ ئىچ، ھېلىقى مەرۋايىتىڭمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدىغۇ، ئانام بىلەن بىللىلا

كەت! (پادىشاھ ئۆلىدۇ)

**لائېرتوس:** ئۇنىڭغا ئۆلۈم راۋا. بۇ زەھەرنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن تەييارلىغان. ھۆرمەتلىك ھاملېت، بىز بىر-بىرىمىزنى ئەپۇ قىلايلى. مېنى ۋە ئاتامنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭدىن مەنمۇ رەنجىمەي، سېنى ئۆلتۈرگەنلىكىمدىن سەنمۇ رەنجىمە! (ئۆلىدۇ)

**ھاملېت:** تەڭرى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلسۇن! مەنمۇ كەينىڭدىنلا بارىمەن. مەن ئۆلىدىغان بولدۇم، گوراتسىئو، ئەلۋىدا، بەختسىز خانىش ئانا! بۇ تۇيۇقسىز پاجىئەنى كۆرۈپ چىرايى تاتىرىپ، يۈرىكى سېلىپ كېتىۋاتقان تىلسىز تاماشىبىنلار! ئەگەر ئەزرائىل سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇشقا ئۇنىغان بولسا، ئۇ چاغدا سىلەرگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، لېكىن ئامال قانچە! گوراتسىئو، مەن ئۆلىمەن، سەن تېخى ياشايسەن. سەن جاھان ئەھلىگە مېنىڭ كەچمىش-كەچۈرمىشلىرىمنى تېگى-تەكتى بىلەن ئايان قىل. ئۇلار مەندىن گۇمان قىلىپ يۈرمىسۇن.

**گوراتسىئو:** ياق. مەن دانىيىلىك بولغىنىم بىلەن، رىملىقلارغا خاس روھقا ئىگىمەن. بۇنىڭدا يەنە ئازراق زەھەر بار تېخى.

**ھاملېت:** سەن مەردانە يىگىت، ئەكەل، قەدەھنى ماڭا بەر. ئۇنداق قىلماي، ماڭا بەر. ئاھ، پەرۋەردىگار!

گوراتسىئو، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئادەملەر بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەي قالسا، ئابرۇيۇم مەڭگۈ بوھتانغا ئۇچرايدۇ، بىلەمسەن؟! ئەگەر سەن ماڭا ئىخلاس قىلساڭ، جەننەتنىڭ ھۇزۇرىدىن ۋاقتىنچە كېچىپ، بۇ شەپقەتسىز دۇنيادا ياشاپ، مېنىڭ ئىشىمنى خەلقئالەمگە ئايان قىلغىن. (قوشۇن سەپ تارتىپ كېلىۋاتقان، توپ گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ)

**ھاملېت:** بۇ قايسى جەڭگاھتىن كېلىۋاتقان ئاۋازلار؟

**ئوزرىك:** نەۋقىران فورتىنبراس پولشادىن زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەنگلىيە ئەلچىلىرى شەرىپىگە ئېتىۋاتقان توپى.

**ھاملېت:** ئاھ، مەن ئۆلدۇم. گوراتسىئو، دەھشەتلىك زەھەر ئاخىر مېنى يەڭدى. مەن ئەنگلىيىدىن كەلگەن خەۋەرلەرنى ئاڭلىيالمايدىغان بولدۇم. لېكىن شۇنى ئالدىن مۆلچەرلەيمەنكى، فورتىنبراس پادىشاھلىققا كۆرسىتىلىدۇ، مەن سەكراتتا يېتىپ ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. بۇ يەردە بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا يەتكۈزەرسەن. (ئۆلىدۇ)

**گوراتسىئو:** ئاھ، گۆھەردەك يۈرەك پارە ـ پارە بولدىغۇ! ئەلۋىدا سۆيۈملۈك شاھزادەم، توپ ـ توپ پەرىشتىلەر ناخشا ـ ناۋاسى بىلەن روھىڭغا ئاراملىق بېغىشلىغاي!... دۇمباق ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلىشىۋا-

تىدىغۇ؟

(فورتىنبراس، ئەنگلىيە ئەلچىلىرى ۋە باشقىلار دا- نىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئوردىسىغا كىرىدۇ)

**فورتىنبراس:** ئۇ مۇسابىقە نەدە بولۇۋاتىدۇ؟

**گوراتسىئو:** سىلەر نېمىنى كۆرمەكچىدىڭلار؟ ئە- گەر كۆرىدىغىنىڭلار دەھشەتلىك پاجىئە بولسا، بولدى، باشقا يەرنى ئىزدىمەڭلار.

**فورتىنبراس:** يائاللا، نەقەدەر دەھشەتلىك قىرغىن- چىلىق بۇ! ئەي، مەغرۇر ئەزرائىل! سەن مۇشۇنچە شەپ- قەتسىزلىك بىلەن ، شۇنچىۋالا ئېسىلزادىنىڭ جېنىنى ئېلىپ كەتتىڭغۇ! تىلسىمات غارىڭدا ئېسىل تائامدىن راسلىغۇڭ بار ئوخشىمامدۇ!؟

**ئەنگلىيە ئەلچىسى:** نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق مەنزىرە بۇ، بىز ئەنگلىيىدىن پادىشاھقا ئۇنىڭ پەرمانى بويىچە روسىنكران بىلەن كىردىستوننى قەتل قىلغىنى- مىزنى مەلۇم قىلغىلى كېلىۋىدۇق. بەختكە قارشى بىز كېچىكىپ قاپتۇق، گېپىمىزنى ئاڭلايدىغان قۇلاق ئال- لىقاچان ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ، ئەمدى بىزگە كىممۇ رەھمەت ئېيتار؟

**گوراتسىئو:** شاھ گەپ قىلالىغان ھالەتتىمۇ، ھەرگىز سىلەرگە رەھمەت ئېيتمىغان بولاتتى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە شاھ بۇيرۇق قىلغان ئەمەس. بەزىڭلار پول- شادىن، بەزىڭلار ئەنگلىيىدىن دەل بۇ قانلىق پاجىئەنىڭ

ئۈستىگە يېتىپ كەلدىڭلار. ئادەملىرىڭلارنى بۇيرۇڭلار، بۇ جەسەتلەرنى خەقلەر كۆرەلەيدىغان ئېگىزرەك يەرگە ئېلىپ قويسۇن. ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ئەل ـ جامائەتكە بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى مەن دەپ بېرەي. مۇناپىقلارچە قاتىللىق، باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ھىيلىسى، ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈش ئاقىۋىتى سۆزلىرىمدىن ئايان بولىدۇ. ھەممىنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىمەن.

**فورتىنبراس:** بارلىق مۆتىۋەر زاتلارنى جەم قىلىڭلار، ئەسلىدىمۇ بۇ ئەلدە مېنىڭ تەختكە مىراسخورلۇق قىلىش ھوقۇقۇم بار ئىدى، ھازىر دۆلەت ئىگىسىز قالدى. ھەق ـ ھوقۇقۇمنى تەلەپ قىلىدىغان پۇرسەتمۇ كەلدى. بېشىمغا دۆلەت قۇشى قونۇش ئالدىدا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىم مۇسىبەت ئازابى چەكمەكتە.

**گوراتسىئو:** بۇ توغرىلىق شاھزادىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا قىلغان ۋەسىيىتى بار. ئۇنىڭ پىكرى نۇرغۇن كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇ تاپتا كىشىلەر تەشۋىش ئىچىدە قالدى. ئالدى بىلەن بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرەي، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن بەختسىزلىكلەردىن، سۇيىقەست ۋە خاتالىقلاردىن ساقلىنىپ قالساق ئەجەب ئەمەس.

**فورتىنبراس:** تۆت سەركەردە ھاملېتنى لەشكىرىي زات سۈپىتىدە سۇپىغا ئالسۇن. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇشقا

مۇناسىپ ھەم دانا شاھ بولالايدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭغا ماتەم تۇتۇش ئۇچۇن لەشكىرىي كۇي ئورۇنداڭلار، جەڭگاھتىكى رەسمىيەت ـ قائىدە بويىچە ئۇنىڭغا ئىھتىرام بىلدۇرەيلى. بۇ جەسەتلەرنىمۇ ئېلىڭلار. بۇنداق ئەھۋال جەڭگاھتا دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن ئوردىدا پەۋقۇلئاددە بىر ئىش. نۆكەرلەرگە ئېيتىڭلار، توپ ئاتسۇن.

(ئوردا ئىچىدە ماتەم كۇيى چېلىنىدۇ، ئوردا سىرتىدا توپ گۇلدۇرلەيدۇ)

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«هاملېت» شېكىسپېرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى، ئەڭ مەشھۇر تراگېدىيىلىرىنىڭ بىرى، نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان هاملېت ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ يۈردى، هاملېتقا ئاساسەن ئۆزگەرتىلگەن دراما ياكى كىنولارمۇ توختىماي ئىشلەندى.

«هاملېت» 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان. بۇ ئەسەردە ئوتتۇرا ئەسىردىكى دانىيە پادىشاھىنىڭ ئوردىسى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان. هاملېتنىڭ دادىسى ئۈچۈن قىساس ئېلىش توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ئارقىلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش دەۋرىدىكى ئەنگلىيە ۋە ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ رېئال قىياپىتى ئەينەن تەسۋىرلەپ بېرىلگەن، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىگە بولغان چوڭقۇر ئويلىنىشى ۋە ئادەملەرنىڭ تەقدىرى بىلەن ئىستىقبالىغا بولغان دىققەت ـ ئېتىبارى ئىپادىلەنگەن.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى ياۋروپانى ئويغىنىش دەۋرىگە باشلاپ كىردى. كىشىلەر ئىندىۋىدۇئاللىق ئازادلىقىنى قوغلىشىشقا، تەڭرىگە

بولغان ئېتىقادىدا تەۋرىنىشكە باشلىدى. ئەمما بۇنداق ئىندىۋىدۇئاللىق ئازادلىقى پەيدىنپەي تولىمۇ تەلۋىلىككە قاراپ يۈز تۇتتى. كىشىلەر ئىندىۋىدۇئاللىق ئازادلىقى بايرىقى ئاستىدا نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلدى. بۇ شۇ چاغدىكى بىر خىل دەۋر ئېقىمى ئىدى. بىر جەھەتتىن، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتى، يەنە بىر جەھەتتىن، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللەنگەن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، شەخسىيەتچىلىك ـ نەپسانىيەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى ۋە جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بۇنداق جۇشقۇن، ئەمما قالايمىقان بىر دەۋر ئالدىدا، ئوتتۇرا ياشلارغا كىرىپ قالغان شېكىسپىير دەسلەپكى دەۋرلەردىكىدەك ئۇنداق گۇمانسىزلىق غايە ئېلىپ كەلگەن ئۈمىدۋارلىق ۋە رومانتىكىلىققا مەپتۇن بولۇپ كەتمىدى، بەلكى غايە ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىك ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بالايىئاپەت ئۈستىدە چوڭقۇر ئويغا پاتتى. «ھاملېت» دەل ئۇنىڭ يوشۇرۇن بالايىئاپەت ۋە قالايمىقانچىلىققا تولغان جەمئىيەتكە بولغان ئويلىنىشىنىڭ بىر خىل ئىنكاسى ئىدى.

درامىنىڭ بېشىدىلا دانىيىنىڭ قالايمىقانچىلىققا تولغان ئەنسىز ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى تەسۋىرلىنىدۇ. درامىنىڭ بىرىنچى پەردە 1 ـ كۆرۈنۈشىدە گوراتسىئو

بىلەن بىر لەشكەرنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق شۇ چاغدا «چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان» قالاي-مىقان ۋەزىيەت سۈرەتلەپ بېرىلگەن. هاملېت: «نېمىدې-گەن ئەنسىز، قالايمىقان دەۋر بۇ؟!» دەپ قاتتىق ۋارقى-رايدۇ. بۇ ئەينى چاغدىكى فېئودال هۆكۈمرانلىق ئاس-تىدىكى ئەنگلىيىگە بولغان ئەڭ ياخشى پاش قىلىش ئىدى. ئارقىدىن مەرھۇم پادىشاھنىڭ روھى هاملېتقا ئۆزىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. يېڭى پادىشاھ كلاۋدىئۇس ھوقۇقنى دەپ ئۆز ئاكىسىنى قەست-لەپ ئۆلتۈرۈپ تەختنى تارتىۋالىدۇ، ئاكىسىنىڭ خوتۇ-نىنىمۇ ئەمرىگە ئالىدۇ ھەمدە پەسكەش ۋاسىتىلەر بىلەن هاملېتنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. كلاۋدىئۇس شەھۋەتپە-رەس، نومۇسسىز، ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلەيدىغان ئاچ كۆز ئەبلەخ، ئەقلىدىن ئاداشقان تەۋەككۇلچى؛ ئەدەبى-يات-سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاخىرقى دەۋرى-دىكى شەخسىي مەنپەئىتىنىلا ئويلايدىغان يېڭىچە ئې-تىقاد، يېڭىچە ئەخلاقنىڭ سىمۋولى. ۋەھالەنكى، شې-كىسپىر بۇنداق ئەخلاق قارىشىغا گۇمان بىلەن قارايدۇ. ئۇنىڭچە، كلاۋدىئۇسنىڭ ئەتراپىدىكى «ئون مىڭ ئادەم-نىڭ ئىچىدىن ئاران بىر سەمىمىي ئادەم چىقىدۇ.» خا-نىش گېترۇت جىنسىي چاڭقاشقا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئېرى ئۆلۈپ ئىككى ئاي بولا-بولمايلا تۇغقانلار ئارا تويلىشىش چەكلىنىدىغان ئەخلاقىي چەكلىمىگە پىسەنت

قىلماي، كلاۋدىئۇسنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ، هاملېتنىڭ ئەينى چاغدىكى سۆيگىنى ۋە دوستلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، كلاۋدىئۇسنىڭ پايلاقچىلىرىغا ئايلىنىدۇ. ۋەزىر پولونىيۇس ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن تولىمۇ كومېدىيىلىك تۈس ئالىدۇ، ئۇنىڭدا ھەق ـ ناھەق كۆزقارىشىدىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. نورۋېگىيە شاھزادىسى فورتىنبراس دانىيىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئاستىرتىن كۆزىتىپ، دانىيىنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىشقا، قوشنا دۆلەت بولغان دانىيىنىڭ زېمىنىنى يۇتۇۋېلىشقا ھەر ۋاقىت تەج بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ھەرقانداق خەتەر ۋە تالان ـ تاراجغا پىسەنت قىلمايدىغان بىر خىل روھقا، شەخسىي مەنپەئەت ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇۋاتقان بىر دۇنيادا تەبىئىيكى خۇدانىڭ ھىممەت ـ شاپائىتىنىمۇ ئاياغ ئاستى قىلىدىغان بىر خىل كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا ھاملېتنىڭ «ئۇ زەھەرلىك ئوتلار قاپلاپ كەتكەن، پەقەت ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بىر باغ»، دۇنيا «غايەت زور بىر تۈرمە» دېيىشىمۇ بىكار ئەمەس. مانا بۇلار ئېتىكا، پەلسەپە ۋە دىن نۇقتىسىدىن سىمۋوللۇق ھالدا كىشىلەرگە تەڭرىنىڭ نەزەرىدىن ساقىت بولۇپ قېلىپ، جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ياشاۋاتقانلىقىنى، دۇنيانىڭ زۇلمەت قاپلىغان رەھىمسىز دۇنياغا،

ئىدراكىي روھتىن مەھرۇم بولغان بىر جەزىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ، ئېتىقاد كرىزىسىغا دۇچ كېلىپ، داۋالغۇش ۋە ئەنسىزلىككە تولغان دەۋر ئىدى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قايتا گۈللەنگەندىن كېيىنكى دەۋردىكى ئەنگلىيە ۋە ياۋروپا جەمئىيىتى ئىدى. تارىختا بۇنچىلىك دەرىجىدە بۇزۇلغان دەۋر تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. شېكسپىر درامىدا داۋالغۇش ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ياشاش مۇھىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، يالغۇز ئەينى چاغدىكى ياۋروپانىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ئېچىپ بېرىپ ۋە تەنقىدلەپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى ۋە كىشىلەرنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىشنى ھە دەپ تەكىتلەشنىڭ جەمئىيەت ۋە كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىغا بولغان زىيىنىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. «ھاملېت» شېكسپىرنىڭ ئەڭ مەشھۇر تراگېدىيىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بەدىئىي جەھەتتىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

بۇ ئالدى بىلەن پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ھاملېت ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى گۇمانىزمنىڭ غايىۋى ئوبرازى. ئۇ پادىشاھ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، گۇمانىزم تەربىيىسىنى ئالىدۇ؛ كىشىلىك ھايات، دوستلۇق، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە گۈزەل ئۈمىدلەرنى باغلايدۇ، ئەمما دراما باشلىنىشىدىلا ھاملېتنىڭ كۆز ئالدىدا رەزىل بىر

ئىجتىمائىي رېئاللىق زاھىر بولىدۇ: پادىشاھ دادىسى سىرلىق ھالدا ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئاپىسىمۇ دادىسىنىڭ مۇھەببىتىگە ئاسىيلىق قىلماقچى بولغاندەك ناھايىتى تېز ياتلىق بولۇۋالىدۇ، پۈتكۈل دەۋر چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق تىنچمايدىغان ئەنسىز دەۋر، ئىجتىمائىي مۇھىت ھاملېتقا ئوخشاش بۇنداق تۈز، ئۈمىدۋار، غايىلىك بىر يىگىتنى ساراڭ قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا، تەنھا ۋە مىسكىن ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ھاملېت ياش بولۇشىغا قارىماي، ئەقىلدە خېلى تولغان يىگىت. ئۇ تەنھا، يار-يۆلەكسىز ئەھۋالدا، ساراڭ بولۇۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق دۈشمەننى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرى كلاۋدىئۇسنى ئۆلتۈرىدۇ.

ئەمما، ھاملېتنىڭ بىر ئەجەللىك ئاجىزلىقى بار، ئۇ بولسىمۇ قەتئىي-كەسكىن بولماسلىق ۋە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش. ئۇ قەتئىي-كەسكىن بولمىغاچقا، ھەمىشە قىساس ئېلىش پەيتى يېتىپ كەلگەندە ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي، كۆپلىگەن ناھايىتى ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ ۋە ئۆزىمۇ رەزىل كۈچلەر بىلەن بىللە ھالاك بولۇشتىن ئىبارەت تراگېدىيىلىك تەقدىرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئاجىزلىقى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش. ئۇ ئەزەلدىن خەلق ئاممىسىنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنمەيدۇ، بەلكى پەقەت ئۆزىگىلا ئىشىنىدۇ. ئۇ: «دەۋر ھېچنېمىگە

ئوخشىماي قالدى. بىر دېھقانىنىڭ قەدىمى بىر ۋەزىرنىڭ قەدىمىگە بۇنچە يېقىن بولسا، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ بارماق-لىرىنى ۋەزىرنىڭ تاپىنى زېدە قىلىۋەتمەمدۇ؟» دەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، هاملېتنىڭ جەمئى-يەتنى ئىسلاھ قىلىش ئارزۇسى دېھقانلار تەلەپ قىلغان ئىسلاھاتتىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەن. ئۆزى يالغۇز كۈرەش قىلىش هاملېتنىڭ قىسمىتىگە مۇقەررەر مەغ-لۇپ بولۇش ئاقىۋىتىنى پۈتۈۋەتكەن. بۇمۇ دەۋرنىڭ ترا-گېدىيىسى، پۈتۈن بىر ئەۋلاد گۇمانىزمچىلارنىڭ ترا-گېدىيىسى.

هاملېتنىڭ خاراكتېرى ۋە خاراكتېر ئۆزگىرىشىگە قارىتا كىشىلەر ئۇزۇندىن بېرى ھەرنېمىلەرنى دەپ باقتى، ھەر خىل تەبىرلەرنى بېرىشتى. قىزىق يېرى شۇكى، هاملېت قىساس ئالىدىغان چاغدا نېمە ئۈچۈن ئىككىلىنىپ قالدۇ؟ هاملېتنىڭ ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەسلىكى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاقسۆڭەك زى-يالىيلاردىلا بولىدىغان ھەرىكەت قىلىشتىن ئويلىنىش كۆپ بولۇپ كېتىشتەك خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئى-پادىلىگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئوخشاش بۇرژۇئازىيە سى-نىپىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان شەخس ئىگە بولغان سى-نىپىي تەۋەلىكنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن. ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدە كاپىتالىزم ناھايى-تى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمران ئو-

رۇندا تۇرۇۋاتقان پادىشاھلىق ھاكىمىيەت ۋە ئاللىقاچان ئاجىزلىشىپ كەتكەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەسىر كۆچىنى يەنىلا بوش چاغلىغىلى بولمايتتى. ئەينى چاغدا بۇرژۇئازىيە پەقەت فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىلا ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالايتتى. بۇرژۇئازىيە يېڭى بىر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ بولغاچقا، دەسلەپتىلا ئۇنىڭ بىلەن كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. ئۇ ھەم خەلقنىڭ كۈچىگە تايىناتتى، ھەم خەلقنىڭ قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلىشىدىن قورقاتتى، شۇڭا بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئوداللىزمغا قارشى كۈرىشى ئاجىز ھەم ئۇزۇل-كېسىل ئەمەس ئىدى. ھاملېتنىڭ خاراكتېرى دەل بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان، كۈرەش جەريانىدا ئۆز كۈچىنىڭ ئاجىز كېلىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان پىسسىك ھالەت ئىدى. ھاملېتنىڭ تراگېدىيىسى گۇمانىزم ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي تەرەققىيەرۋەرلىكى ۋە ئاجىزلىقىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

كلاۋدىئۇس فېئودال ياۋۇز كۈچلەرنىڭ سىمۋولى، ئەكسىيەتچىل پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ كاتتىۋشى. ئۇ ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختنى تارتىۋالىدۇ. ئاكىسىنىڭ ئايالىنى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ، ئاندىن يەنە خىلمۇخىل ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن ھاملېتنى كۆزدىن يوقاتماقچى

بولىدۇ. ھىيلىگەر، پەسكەش، ساختىپەز كلاۋدىئۇسنىڭ ۋۇجۇدىغا فېئودال زالىم پادىشاھ ۋە ئېپتىدائىي جۇغلىنىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بۇرژۇئازىيە قارا نىيەتلىرىنىڭ خىلمۇخىل رەزىل ئالاھىدىلىكلىرى مۇجەسسەم بولغان. ئەڭ ئاخىردا ئۇ ھاملېتنىڭ قىساس شەمشىرى ئاستىدا ئۆلۈشتىن ئىبارەت تراگېدىيىلىك تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر پېرسوناژ خانىش گېترۇت. ئوردىدا ياشىغىنىغا تولىمۇ ئۇزۇن بولغان گېترۇت كىشىلەرگە توغرا باھا بېرىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، ئىدىيىسى قاتماللاشقان، ئەخلاق كۆزقارىشى ناھايىتى سۇسلىشىپ كەتكەن بىر ئايال بولۇپ، ئۇ زەھەر سېلىنغان هاراقنى ئۇقماي ئىچىپ قالغاندىلا ئاندىن ئىشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. درامىدا ئۇ ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ، ئەمما كىشىلەرگە ھەقىقەتنىڭ ھامان ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، شېكىسپىر بىر مەشھۇر تىل ئۇستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىجادىيەتتە ئەسەر تىلىنىڭ جانلىق ـ چىرايلىق بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بىر جەھەتتىن، ئەسەرنىڭ تىلى جانلىق، ئوخشىتىش ۋاسىتىسى ناھايىتى جايىدا قوللىنىلغان بولۇپ، پەلسەپىۋىلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك. مەسىلەن، لائوتۇس ئوفېلىيەگە ھاملېتنىڭ مۇھەببىتىگە تو ـ

لىمۇ ئويلىنىپ، ئاۋايلاپ مۇئامىلە قىلىشنى ئاگاھ-لاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «باش باھاردىكى رۇخسىگۇل بال-دۇر ئېچىلغانلىقى ئۈچۈن ئوڭاي توزۇپ كېتىدۇ، خۇش پۇرىقىمۇ ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ئۇ پەقەت كىشىلەرگە بىر-دەملىككىلا ھۇزۇر ئاتا قىلالايدۇ، خالاس.» ئۇنىڭدىن باشقا، ھاملېتنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن بەزى سۆزلەرگە چوڭقۇر ھەقىقەت ياكى ھاياتلىق پەلسەپىسى مۇجەسسەملەنگەن. مەسىلەن، قەلئە ئالدىدىكى مەيداندا ھاملېت ساۋاقدىشى بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىشىلەر خاراكتېرىدىكى بەزى مۇدھىش داغلار تۈپەيلى—مەيلى ئۇ داغ يارالمىشتىلا شۇنداق بولۇپ قالغان بولسۇن ياكى مەلۇم بىر ئالاھىدە مىجەز-خاراكتېر زىيادە تەرەققىي قىلىپ ئىدراك دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولسۇن—ئۇنىڭغا بىرەر نۇقساننىڭ تامغىسى ئۇرۇلغان ئىكەن، ئۇنى خەقلەر ئەسلىدە شۇنداق يارىلىپ قاپتىكەن ياكى تاسادىپىي قىسمەت تۈپەيلى شۇنداق بولۇپ قاپتۇ دېمەي بىراقلا يوققا چىقىرىۋېتىدۇ، ئازغىنا نۇقسان ئالدىدا ئۇ كىشىنىڭ پۈتكۈل ئېسىل پەزىلىتى ھېچنېمە ئەمەس.»

ئەسەردە ئىشلىتىلگەن يەنە بەزى سۆزلەر ئوقۇغان كى-شىگە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. مەسىلەن، «دۇنيادىكى ئىشلار ئەسلىدە ياخشى-يامان دەپ ئايرىلمايتتى، ھەر كىمنىڭ خىيالى

ئۇلارنى مۇشۇنداق ئايرىۋەتكەن»، «شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، بەزىدە بىردەملىك كەسكىنلىك بىزگە قانچە قىلساقمۇ مۇمكىن بولمايدىغاندەك تۇيۇلىدىغان ئىشلارنى رويابقا چىقىرىۋېتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىساق شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، مەيلى بىز قانچىلىك ۋايىم يېمەيلى، ئاقىۋېتىمىز بىر يوشۇرۇن كۈچ تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان بولىدۇ.»

يەنە بىر جەھەتتىن، درامىدىكى ھەرقايسى پېرسوناژلارنىڭ سالاھىيىتى ۋە خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭمۇ ئۆز خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان روشەن تىل ئالاھىدىلىكى بار. مەسىلەن، ۋەزىر پولونيۇس ئاغزى ئېچىلىشىغىلا تۇتۇرۇقسىز گەپلەرنى ۋە خۇشامەت تۇسىنى ئالغان ياغلىما گەپلەرنى قىلىدۇ: «ئالىيلىرى شۇنىڭغا ئىشەنسە بولىدىكى، مەن خۇداغا، ھىممەتلىك ئالىيلىرىغا نىسبەتەن روھىمنىمۇ بەكرەك مەسئۇلىيەتنى ئەۋزەل كۆرىمەن.» بۇ گەپتىن ئىنتايىن چاكىنىلىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئەسەردە مىجەز - خۇلق ۋە تۇرۇۋاتقان مۇھىتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، پېرسوناژلارنىڭ تىلىمۇ ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، پادىشاھ دادىسىنىڭ روھىنى كۆتكەن چاغدا، ھاملېتنىڭ تەلەپپۇزى تولىمۇ غەمكىن، بوغۇق تۇس ئالىدۇ؛ ساراڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان چېغىدا بولسا گېپى ئۇزۇلۇپ - ئۇزۇلۇپ داۋام قىلىپ، بىر - بىرىگە ئۇلاشمايدۇ؛

ئانىسىنىڭ نومۇس قىلماي ھەش-پەش دېگۈچىلا توي قىلىۋالغانلىقىنى ئەيىبلىگەن چېغىدا بولسا، تەلەپپۇزى گۈلدۈرمامىدەك دەھشەتلىك تۇس ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەسەردە قوللىنىلغان ئوخشىتىش، مەسخىرە ۋە قوش بىسلىق سۆز قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر تولىمۇ جايىدا قوللىنىلغان بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشى ۋە تىلىنىڭ ناھايىتى نەپىس، جايىدا ئىشلىتىلىشىدىن باشقا، «ھاملېت» نىڭ يەنە بىر روشەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكى دەل ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ مول ۋە جانلىق بولۇشىدۇر، ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتە، ۋەقەلىك ھاملېتنى ئاساس، لائېرتىس بىلەن كىچىك فورتىنبراسنى قوشۇمچە قىلغان ھالدا قانات يايىدۇ. چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، قوشۇمچە يىپ ئۈچى ئاساسلىق يىپ ئۈچى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەسەر ۋەقەلىكىنى يورۇتۇپ بېرىش ۋە سېلىشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. يالغۇز ئەسەرنىڭ ئاساسلىق ۋەقەلىكلىرىنىڭ راۋاجىنى تولۇقلاپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، ھاملېتنىڭ ئىنتىقام ئېلىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن. كىچىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، «ھاملېت» مەزمۇن ۋە ۋەقەلىك جەھەتتە، يەنە خىلى كەڭ جەھەتلەرگە بېرىپ چېتىلىدۇ. مەسىلەن،

لائوتۇس كېتىدىغان چاغدا سىڭلىسى ئوفېلىيەگە ئۆزد-
نىڭ مۇھەببەتكە بولغان كۆزقارىشىنى، دادىسى پولوند-
يۇسنىڭ ئۆزىگە ئېيتقان ياقايۇرتلاردا تۇرۇۋاتقان چاغلاردا
قانداق جاھاندارچىلىق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدد-
كى بىر قاتار ئالاقە قىلىش يوللىرىنى سۆزلەپ بېرىپ
مۇنداق دەيدۇ: «كاللاڭغا نېمە كەلسە، شۇنى دەپ يۈرمە،
ھەرقانداق ئىشنى قايتا - قايتا ئويلىنىپ ئاندىن قىل.
كىشىلەرگە مۇلايىم بول، لېكىن ھەرگىز ئۆزۈڭنى
پەسلەشتۈرمە. خەقتىن جازانىغا قەرز ئالما ھەم خەق-
لەرگىمۇ قەرز بەرمە، چۈنكى خەققە قەرز بەرسەڭ كۆپ
ھاللاردا پۇلۇڭنىمۇ يوقىتىسەن، دوستلىرىڭنىمۇ يوقد-
تىسەن. خەقتىن قەرز ئېلىپ ئۆگىنىپ قالساڭ، ئاخىر
ئۆزۈڭمۇ تەييارغا ھەييار بىر نېمىگە ئايلىنىسەن.»
بولۇپمۇ، ھاملېت دراما ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ درامىغا
ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشىگە ئەقىل كۆرسەتكەن چاغدا،
ئۆزىنىڭ دراما ئويناشقا بولغان كۆزقارىشى، سەھنە تې-
كىستىنى قانداق ئوقۇش، ھەرىكەتنى قانداق ماسلاشتۇ-
رۇش كېرەكلىكى ھەققىدە ئۇچۇق - يورۇق سۆزلەيدۇ. بۇ
پۈتۈن دراما ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجىنى ئىلگىرى سۈرۈپ،
دراما مەزمۇنىنى مول رەڭگارەڭ تۈسكە ئىگە قىلىدۇ.

لېكىن، شېكىسپىرنىڭ يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇر-
ژۇئازىيىگە خاس مەيدانىمۇ ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە

بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەخلاق قارىشى ۋە سىياسىي تەلىپىنى ئىپادىلەشنى، شۇ ئارقىلىق بۇرژۇئازىيىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈچلۈك جامائەت پىكرى ھازىرلىشىنى بەلگىلىگەن. شۇ ۋەجدىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىسى پەقەت گۇمانىزملىق ئىدىيە كاتېگورىيىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ھەمدە شۇ چاغدىكى رېئالىزم يېتەلەيدىغان يۇكسەكلىككىلا يېتەلىگەن. ئەسەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسى، شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىك، خەلق ئاممىسىنى مەنستمەيدىغان قەھرىمانلىق تارىخ قارىشى ۋە تېئولوگىيىلىك ئىدېئالىزم قارىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىل چەكلىمە سەۋەبىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان. شۇنداق بولسىمۇ، شېكىسپېر بىر گۇمانىزمچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشكە ئاتاپ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كارامەت تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ دراما سەنئىتى ئىجادىيىتىدىكى «تەبىئىيلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈش» ئۇسۇلى، پېرسوناژ ئوبرازلىرىنىڭ تىپىكلەشتۈرۈلۈشى ۋە ۋەقەلىكنىڭ جانلىق، تىلغا باي بولۇشى ياۋروپا رېئالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆر-

سەتكەن، دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، شېكىسپىرنىڭ سەھنە ئەسەرلىرى 400 يىلدىن بۇيان دۇنيادىكى ھەر- قايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ ھەرقايسى دۆلەت سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ، ئۆچمەس ئەسەرلەرگە ئايلانغان.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

16 ـ ، 17 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ئەنگلىيە فېئوداللىق تۈزۈمدىن كاپىتالىستىك تۈزۈمگە ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇراتتى. دەل مۇشۇ دەۋردە ئەنگلىيىنىڭ تارىخىي مۇسا- پىسىدە زور بىر بۇرۇلۇش ھاسىل بولدى.

ئېلىزابېت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە بۇرژۇئازىيە سىنىپى پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قول- لايتتى، پادىشاھمۇ بۇرژۇئازىيە سىنىپىدىن پايدىلىناتتى. بۇ ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرى بىلەن قارشىلىشىش ئۇ- ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ۋاقىتلىق ئىتتىپاق تۈزدى. ھاكىمىيەت نىسبەتەن مۇقىم بولغاچقا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۈچقاندەك راۋاجلاندى. بۇنداق يېڭىدىن گۈللەنگەن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا دېھ- قانلارنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ھېسابىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇنداق كاپىتالىستىك

ئىپتىدائىي جۇغلانمىدا، «قوي ئادەم يەيدۇ» غان «يەر قاشالاش ھەرىكىتى» ۋە سەرگەردانلارنى جازالاش توغرىسىدىكى قانلىق پەرمانلار دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنى كۆنسىرى نامراتلاشتۇرۇۋەتتى، نەتىجىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ئاچارچىلىقتا قالغان خەلقلەرنىڭ توپىلاڭلىرى ئۈزۈلمەي پارتلاپ تۇردى. جامېسI تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈمى تېخىمۇ يۈرگۈزۈلۈپ، بۇرژۇئازىيە سىنىپى بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ قارشىلىقلىرى ھەدەپ باستۇرۇلدى. ئىجتىمائىي زىددىيەت يەنىمۇ كەسكىنلەشتى، بۇ ھال فېئودال-لىق تەرتىپنى تۈپ يىلتىزىدىن تەۋرىتىپ قويدى، شۇنداقلا 17 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىغا شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

شېكسپىرنىڭ ئىجادىيەتلىرى دەل مۇشۇ ئەنسىز دەۋرنىڭ چوڭقۇر ئىنكاسى ئىدى.

«ھاملېت» تا، دانىيىنىڭ 8 ـ ئەسىردىكى تارىخى ئارقىلىق 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەنگلىيىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەنگلىيە شۇ چاغدا باشتا دەپ ئۆتكەندەك، «ئەنسىز ۋە قالايمىقان» بىر دەۋردە تۇراتتى، «خاملېت» بولسا دەل «مۇشۇ دەۋرنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى» ئىدى. ئالايلۇق، درامىدىكى خاملېت بىلەن كلاۋدىئۇس ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە

گۇمانىزمچىلىرى بىلەن ئەكسىيەتچىل فېئودال پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ ۋەكىلى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ سىمۋولى ئىدى. بۇ كۈرەش ئارقىلىق، ئەسەردە گۇمانىزملىق غايە بىلەن ئەنگلىيىدىكى زۇلمەتلىك فېئودال رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تارتىشىش مەقسىتىدىكى ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ پادىشاھلىق ھاكىمىيەت ۋە فېئودال قەبىھ كۈچلەرنىڭ جىنايى قىلمىشى تەنقىد قىلىنغان. شۇ ۋەجىدىن ئەسەرنىڭ مەزمۇنى فېئوداللىققا قارشى ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىنغان.

درامىدىكى خاملېت شېكسپېرنىڭ غايىۋىلەشتۈرۈلگەن گۇمانىزمچى ئوبرازى، شۇنداقلا شەخس بىلەن جەمئىيەت، غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى ئىپادىلەشتىكى بەدىئىي تىپ، خاملېت دادىسى ئۈچۈن قىساس ئالغان بولسىمۇ، ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئېرىشكەن غەلىبىسى ئۇنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن ئېنىق دېرەك بېرىدۇ. بۇمۇ گۇمانىزمچىلارنىڭ سىنىپىي چەكلىمىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ۋە ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيىدە فېئودال كۈچلەرنىڭ يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىمۇ گۇمانىزمچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

# پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

ھاملېت: درامىدىكى باش پېرسوناژ، دانىيە شاھزا-دىسى، ئەنگلىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش دەۋرىدىكى بۇرژۇئا گۇمانىزمچى زىيالىيلىرىنىڭ بەدىئىي تىپى. ئۇ پادىشاھ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، شۇ چاغدىكى يېڭى مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى بولغان ۋېرتې-نبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ. شۇڭا گۇمانىزمنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، ئىنسانىيەتكە بولغان گۈزەل غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، پادىشاھ دادىسى ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئاپىسىمۇ تەڭلا ياتلىق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار غايىلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇ-ۋېتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ كۆڭلىرى بۇرۇقتۇر-مىچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ ـ دە، دادىسىنىڭ روھىنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولۇشىنى كۆتىدۇ. ئۇ پۈتۈن پەسكەش-لىكلەرنىڭ ئىجادچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشە-نىپ يېتىپ، كۆڭلىدە ئۆز غايىسىدىن ۋاز كەچمەسلىك، ھازىرقى رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش، دادىسىنىڭ ئىنتىقا-مىنى ئېلىش ۋە پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىم-مىسىگە ئېلىشتەك كۈچلۈك ئىستەك لاۋۇلداپ يانىدۇ،

لېكىن، زورلۇق كۆچكە ئىشەنمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە ئۆزى يالغۇز ھەم ئاجىز كېلىپ قالغانلىقى تۇ-
پەيلىدىن، خائىن پادىشاھ بىلەن بولغان كۆرەشتە كۆپ
قېتىم پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. شۇ ۋەجىدىن
كېيىن مەخپىي خەت يېزىپ، دۆلىتىگە يوشۇرۇن قاي-
تىپ كېلىپ دۇئېلغا چۈشۈشتەك بىر قاتار كەسكىن
ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا
ئېچىنىشلىق پاجىئەدىن قۇتۇلالمايدۇ.

**كلاۋدىئۇس:** درامىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ
بىرى، دانىيە پادىشاھى، ھاملېتنىڭ تاغىسى، ھاملېت
چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان چاغدا ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەخت-
نى تارتىۋېلىپ، ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنى ئەمرىگە ئالىدۇ.
ئۇ ئىشرەتۋاز، قارا نىيەت، زەھەرخەندە، ساختىپەز ئادەم.
ھاملېت دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ھام-
لېتقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ،
ئاستىرتىن تۈرلۈك ھىيلە- مىكىرلەر بىلەن ھاملېتنى
ئۆلۈم گىردابىغا ئېلىپ بارماقچى بولىدۇ. ئاقىۋەتتە ئۆ-
زى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپ، ھاملېتنىڭ شەم-
شىرى ئاستىدا جان تەسلىم قىلىدۇ.

**ئوفېلىيە:** درامىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ
بىرى، گۈزەل، پاك، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل قىز، ھام-
لېتنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما دادىسى تەرىپى-
دىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ. سۆيگەن شاھزادىسىنىڭ سا-

راك بولۇپ قىلىشى، دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئۇنى نىرۋىسىدىن ئاداشتۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىردا ئۇ بوينىغا گۈل-چەمبىرەك ئېسىپ، ناخشا ئېيتقان پېتى دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋالىدۇ. ئۇ ئوردا ئىچىدىكى سۈيىقەستلەرنىڭ بەخت-سىز قۇربانى.

**پولونىيۇس:** ئوردا ۋەزىرى، دۆت ئادەم، لېكىن ئۆ-زىنى كاتتا چاغلايدۇ، هاملېت ئۇنى ئوغۇشماي ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

«هاملېت» ناملىق بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا، تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

1. هاملېت خاراكتېرىنىڭ تىپىك ئەهمىيىتى قە-يەردە؟

بەزىلەر: «هاملېت هەرگىزمۇ بىر ئوبيېكتىپ، ۋاقتى ئۆتكەن تىپ ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ خاراك-تېرى هەممىمىزدىن تېپىلىدۇ» دەيدۇ. بۇ گەپ جايىدا ئېيتىلغان. هاملېت خاراكتېرىنىڭ ئاجىزلىقى ئوبيېك-تىپ مۇھىتنىڭ رەھىمسىزلىكى بىلەن هەم قارشىلى-شىدۇ هەم ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدۇ. بۇنداق خاراكتېر قانچە ئىنچىكە ـ زىل ۋە قانچە قويۇق بولسا، رېئال

جەمئىيەتتە تېخىمۇ ۋەكىللىككە ئىگە بولىدۇ.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گۇمانىزم ئىدىيىسى ئەنگلىيىدە تارقىلىشقا باشلايدۇ، شېكىسپېر بۇ كىتابتا باش پېرسوناژ هاملېتنى فېئو- داللىققا قارشى ئىدىيىگە ئىگە ئىلغار بىر گۇمانىزمچى ئوبراز قىلىپ يارىتىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى يالغۇز دادىسى ئۈچۈن قىساس ئېلىشلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادالەتسىزلىك قاپلىغان بۇ دۇنيانى گۇمانىزم بويىچە ئۆزگەرتىش، خۇددى ئۇ ئۆزى: «دەۋر چاك ـ چې- كىدىن بۆسۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ، چاتاق بولدى، مەن ئۇنى ئوڭشىشىم كېرەك» دەپ ئېيتقاندەك، دەۋرنى ئوڭشاش. لېكىن رەھىمسىز ئوبيېكتىپ مۇھىت هاملېتقا توخ- تىماي زەربە بېرىدۇ، ئەڭ ئاخىر ئۇنىڭدا هاياتنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىگە نىسبەتەن گۇمان تۇغدۇرۇپ، ئۇنى: «ياشاش كېرەكمۇ ياكى گۇمران بولۇش كېرەكمۇ؟ بۇ ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە» دەپ خىتاب قىلدۇرىدۇ. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان ئۇزلۇكسىز كۈرىشى ھەمدە ئۇنى ئۇزلۇكسىز باش ئەگدۇرۇش دەل هاملېت تىپىنىڭ ئەھمىيىتىدۇر.

2. هاملېت تراگېدىيىسىنىڭ ئەھمىيىتى قەيەردە؟

بىرىنچى نۇقتىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، شېكىسپېر هاملېتنى فېئوداللىققا قارشى ئىدىيىگە ئىگە ئىلغار

بىر گۇمانىزمچى ئوبراز قىلىپ ياراتقان بولسا، ئوخ-
شاشلا ئۇمۇ شېكىسپىرنىڭ غايىۋىلەشكەن گۇمانىزمچى
ئوبرازى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەمما، بۇ ئوبراز بىلەن
جەمئىيەت، رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ
زىددىيەت مەۋجۇت، مۇشۇ زىددىيەتلەرنى ئاخىرقى ھې-
سابتا ھەل قىلىش ئۇسۇلى بولسا ئاددىي ھەم قويۇق
تراگېدىيىلىك تۈس ئالغان. ھاملېت ئۆزىنى قۇربان
قىلىش بەدىلىگە دادىسىنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ. مانا بۇ
گۇمانىزمچىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەسلىدىنلا بار بولغان
چەكلىمىلىكنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئەينى
چاغدا فېئودال كۈچلەرنىڭ يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك
ئىكەنلىكىنى، گۇمانىزمچىلارنىڭ ئادالەتسىزلىك قاپلى-
غان دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى
زىممىسىگە ئالالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

3. «ھاملېت» نىڭ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى قەيەردە؟

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ھاملېت» تا 8 ـ ئە-
سىردىكى دانىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى-
دىن پايدىلىنىپ، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 17 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرىدىكى ئەنگلىيىنىڭ قالايمىقان ئىجتىمائىي رې-
ئاللىقى، يەنى بۇرژۇئا گۇمانىزمچىلىرى بىلەن فېئودال
پادىشاھلىق ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ
كەسكىنلىكى، بۇرژۇئازىيىنىڭ گۇمانىزملىق غايىسى
بىلەن فېئوداللىق جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ

كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقى ھەمدە فېئودال ئاقسۆ-
ڭەكلەر بىلەن يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە سىندى-
پىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەت كۈرىشى... قاتارلىقلار ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن. ھاملېتنىڭ كلاۋدىئۇسقا قارشى ئېلىپ
بارغان تىز پۈكمەس كۈرىشى پادىشاھلىق ھاكىمىيەتكە
بولغان مەنسىتمەسلىك ۋە فېئودال چىرىك كۈچلەرگە
بولغان تەنقىدىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەچكە، فېئودا-
لىزمغا قارشى ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا، ھاملېتنىڭ تىل ئالاھىدى-
لىكى ۋە ئۇنىڭ پسىخىك ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىش
كېرەك. مانا بۇ دەل ھاملېتنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنىڭ،
خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى.
ئۇنىڭدىن باشقا، كىتابتا نۇرغۇن كلاسسىك ھېكمەتلەر
بار. بۇ ھېكمەتلەرنىڭ پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك، تىل
قۇرۇلمىسى نەپىس، ئوقۇغان چاغدا مۇشۇ نۇقتىلارغا
بەكرەك دىققەت قىلىش كېرەك.

بۇ كىتابتا ئىنتايىن سىرلىق بەزى ئابزاسلار بار،
ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇشۇ ئابزاسلارنى ئوقۇغاندا ئاشۇ سىر-
لىق جايلاردىن بەھرە ئېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.
ئۈچىنچى پەردە 2 - كۆرۈنۈشتە ھاملېت پادىشاھ بىلەن
خانىشنى ئويۇن كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق،
پادىشاھنىڭ ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختىنى تارتىۋېلىش-
تەك پەسكەش جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن - ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى

بىلىپ باقماقچى بولىدۇ. ھاملېتنىڭ ئەقىل ـ پاراستى بىلەن پادىشاھنىڭ دەككە ـ دۈككىدە قالغان ئىچكى دۇن‍ياسى مۇشۇ كۆرۈنۈشتە تولۇق ئىپادىلىنىدۇ. بەشىنچى پەردە 2 ـ كۆرۈنۈش ئەسەرنىڭ كولمىناتسىيە نۇقتىسى. ھاملېت لائېرتوس بىلەن ئېلىشىپ، دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا زەھەرلىنىپ ئۆلىدۇ. بۇ پەردە تۇيغۇچە كىشىنىڭ قەلبى لەرزىگە سېلىنىپ تۇرىدۇ. ھاملېتنىڭ ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماسلىق روھى ۋە درامىنىڭ تراگېدىيىلىك ئاخىرلىششى كىشىنى چەكسىز تەسىرلەندۈرىدۇ.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAzMjY1MzQuemlw",
  "filename_decoded": "40326534.zip",
  "filesize": 11070712,
  "md5": "a2dbce3411ce7111eba29bf35d78fe01",
  "header_md5": "844b80c77c1f20c86f2abc9e7f10157e",
  "sha1": "b1179578a7c8a63c34b35419c425ab77245ae0bf",
  "sha256": "2204ba5cb921a2478a47793cbd78a4c41ac7f1d0dd6040adbac2d12937a548e8",
  "crc32": 1624907958,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 11460912,
  "pdg_dir_name": "\u2563\u25a0\u2500\u2556\u2514\u256b\u2560\u256a\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326534",
  "pdg_main_pages_found": 165,
  "pdg_main_pages_max": 165,
  "total_pages": 171,
  "total_pixels": 470865984,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}